



بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# 中国穆斯林

# المسلم الصيني



مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

2

2005

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇئاۋىن رەئىس ئابلەت ئابدۇرىشىت ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ئىسلام دارىلفۇنۇنىدا





① ئابلەت ئابدۇرىشىت قاتارلىقلار ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە مۇھىم يوليورۇق بەردى.

② ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

③ «تەپسىر» دەرسى ئۆتۈلۈۋاتقان شىنجاڭ 4 - يىللىق سىنىپ تالىپلىرى بىلەن بىللە.

④ «خەنزۇ تىلى» دەرسى ئۆتۈلۈۋاتقان شىنجاڭ 3 - يىللىق سىنىپ تالىپلىرى بىلەن بىللە.

⑤ «ھەدىس» دەرسى ئۆتۈلۈۋاتقان خۇيزۇ سىنىپ تالىپلىرى بىلەن بىللە.







# مۇئاۋىن رەئىس ئابلەت ئابدۇرىشىت جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى كۆزدىن كەچۈردى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** 2005-يىل 4-ئاينىڭ 11-كۈنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى نىيۇ ماۋشېڭ، 6-ئىدارىنىڭ باشلىقى ئەلسۆيەر بۇرھان قاتارلىقلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسلەر مۇھەممەت ئەلى يۈ جېنگۈي، مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ، شەمشىددىن ھاجى، سىددىق ماجۇڭجى، مەسلىھەتچىلەردىن ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، نۇئمان ماشيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇئاۋىن باش كاتىپلار ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ، مۇستافا ياڭ جىبو، بارات رەجەپ قاتارلىقلار كۈتۈۋېلىشقا قاتناشتى.

مۇئاۋىن رەئىس ئابلەت ئابدۇرىشىت ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ئىسلام دارىلفۇنۇنى مەسئۇللىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:" مەن شىنجاڭدىكى ۋاقتىمدىلا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى بىلەتتىم، بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇزاقتىن بېرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىكىلەرنى يوقلاپ كېلىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم. چۈنكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئىسلام دىنى خىزمىتى ۋە ئىختىساسلىق دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شىنجاڭ رايونى ئۈچۈن نۇرغۇن دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەپ بېرىپ ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. 2001-يىلدىن بېرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قانات يايدۇرغان "شەرىئەتنى شەرھلەش" خىزمىتى شىنجاڭ رايونىدا ناھايىتى ياخشى ياردەمچىلىك رولىنى ئوينىدى، دىنىي زاتلارنىڭ ئىلىم سەۋىيىسى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈردى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تۈزۈپ چىققان «ۋەز-تەبلىغلەر»گە ئاساسەن شىنجاڭدا نۇرغۇن دىنىي زاتلار تەربىيىلەندى. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلىمۇ ياخشى رول ئويناۋاتىدۇ، مەن بۇ ژۇرنالنىڭ قىزغىن ئوقۇرمەنى، ھەر سانىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇيغۇرلاردا "چالا موللا ئادەم ئۆلتۈرەر" دېگەن ماقال بار، دىنىي زاتلارنىڭ ئىلىم سەۋىيىسىنى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ھەقىقەتەن مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرىقىدەك خىزمەتلىرىدىن شىنجاڭ كۆپ مەنپەئەت ئالدى، بولۇپمۇ شىنجاڭ رايونىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى دىنىي تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەيلى دىنىي باشقۇرۇش، ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى دۇنيا تىنچلىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردىن بولسۇن، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. بولۇپمۇ ھەج تاۋاب خىزمىتى جەھەتتە، خىزمەتچى خادىملىرى ئاز، خىزمەت مىقدارى كۆپ ئەھۋالدىمۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مۇشۇنداق زور نەتىجە قازىنىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس، بۇ جەھەتتىكى دوكلاتىڭلارنى ئاڭلاپ ناھايىتى تەسىرلەندىم".

رەئىس ئابلەت ئابدۇرىشىت قاتارلىقلار يەنە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئەھۋالى، دەرس مەزمۇنى، تالىپلار ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى. دەرسخانىغا كىرىپ دەرس ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەت تالىپلىرى بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشتى، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى، ئۇلارنى سۆزلىتىپ سەۋىيىسىنى كۆرۈپ باقتى ھەمدە تالىپلارنىڭ ئەرەب تىلى ۋە ئىسلامىي بىلىملىرىنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماي، ئىنگلىزچە، كومپيۇتېر قاتارلىق زامانىۋى قوراللارنىمۇ پۇختا ئىگىلىشىنى، چالا موللا بولۇپ قالماي، يۇقىرى ساپالىق، ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان ئىختىساسلىق خادىملاردىن بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرىشىت ئىسلام دىنى ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن. شىنجاڭدا رەئىس بولۇپ تۇرغان مەزگىلدىمۇ شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىغا نەچچە قېتىم بېرىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ ئىسلامىيەت مائارىپىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن ۋە ئاز بولمىغان راسخوت تەستىقلاپ بېرىپ، شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ خىزمەت شارائىتى، ئوقۇتۇش شارائىتى ۋە تالىپلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئالاھىدە كۈچ چىقارغانىدى.

www.uyghurkitap.com

# المسلم الصيني

## مۇندەرىجە


▼ ئالاھىدە خەۋەرلەر

مۇئاۋىن رەئىس ئابلەت ئابدۇرىشىت جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى كۆزدىن كەچۈردى........................ (1)

▼ ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ھەدىس شەرىف توغرىسىدا ئومۇمىي بايان...................................... مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى (4)

ئاللاھنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ۋە مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى توغرىسىدا ................................ مۇختەر ياقۇپ (9)

▼ «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ................................ جارۇللا يۇسۇپ (12)

▼ ۋەز-تەبلىغ

كەلگۈسىنى كۆزلەيلى .............................. ئابدۇكېرەم قارى (17)

قولۇم-قوشنىلارنىڭ ئىناق ئۆتۈشى توغرىسىدا ......ئىسمائىل ئىبراھىم (21)

سۈخەنچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىپ ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەيلى ........................................ سادىق قارىم (24)

▼ ئىسلام ئەدەپ-ئەخلاقى

پەزىلەت توغرىسىدا .............................. ئادىل ھاجى كېرەم (26)

▼ ئىسلام دىنى ۋە مەرىپەت


ئىسلام دىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىدىغان دىن ........................................ سادىق ياقۇپ، ياقۇپ ھەمدۇللا (27)

▼ ئىسلام دىنى ۋە سالامەتلىك

تاھارەت، ناماز ۋە سالامەتلىك .............. مۇھەممەتجان ئىبراھىمجان (31)

▼ ئىسلام دىنى ۋە ئاياللار

ئاياللارنىڭ ئەقلى كەممۇ؟ ............ شەھابىدىن ئابدۇلئەھەت داموللا (40)



**جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى**

中国穆斯林

( پەسىللىك ژۇرنال 季刊 )

( ئومۇمىي 75 -سان 总第75期 )

باش مۇھەررىر:

**شەمسىدىن ھاجى**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

**ھاجى بارات رەجەپ**

تېخنىك تەھرىر، مەسئۇل كوررېكتور:

**ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد**

تەكلىپلىك تەھرىر:

**ئادىل ھاجى كېرەم**

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:

**شەمشنۇر ھوشۇر**

主　　编: 夏米西丁・哈吉
副 主 编: 巴拉提・热吉甫
技术编辑: 安瓦尔・穆罕默德
特邀编辑: 阿迪力・阿吉克力木
封面设计: 夏美希努尔・吾守尔

刊号
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1007-5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11-1346/B


پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 邮发代号: 58—167

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720

国外代号: Q1720

CHINA MUSLIM

مۇندەرىجە



2005
2

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100053 فاكس: 83520073
تېل: 83520073، 63513181 - 010
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 119-قورۇ پوچتا نومۇرى: 830001
تېل: 0991-2566193
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ. (بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى) ·

主　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
印　刷：中央民族大学印刷厂
订阅、发行：全国各地邮局、乌鲁木齐市邮政局；《中国穆斯林》维文编辑部
地址：北京市宣武区南横西街103号
邮编：100053 电话：010-63513181
010-83520073（兼传真）
新疆发行站：乌鲁木齐市延安路119号
邮编：830001 电话：（0991）2566193
国外发行：中国国际图书贸易公司
（北京399信箱）

## ▼ ئالىم-ئۆلىمالار ▼

مەشھۇر دىنىي ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ۋە ئۇنىڭ «نەسىھەتى ئاممە» ناملىق رىسالىسى ھەققىدە مۇلاھىزە ...... ئابدۇلۋاھىت خۇداۋەردى (44)

## ▼ ياش ئالىملىرىمىز ▼

ئىلىمگە بېغىشلانغان قەلب ........................ ئابدۇللا موللا (51)

## ▼ ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار ▼

زامانداشلىرىمغا دەيدىغانلىرىم ................. داموللا قاسىم ھاجى (55)

## ▼ مەسچىت-مەدرىسلەر ▼

ئالتۇن مازار ................................. (58)

## ▼ خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر ▼

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئىراندا زىيارەتتە بولدى............ (11)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى "18-نۆۋەتلىك دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى يىغىنى" غا قاتناشتى ..................................... (20)
ئىران پارلامېنت ۋەكىللىرى ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ............................................... (59)
"ئۇممۇل قۇرا" ئۇنىۋېرسىتېتى ۋەكىللىرى مەملىكىتىمىزدە زىيارەتتە بولدى.............................................. (59)
ئىران قۇم كۇتۇپخانىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى مەملىكىتىمىزدە زىيارەتتە بولدى ............................................... (43)

## ▼ ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى ▼

ياقۇپ ھاجى، ئابدۇرېشىت ئابدۇكېرىم قاتارلىقلار خەۋىرى ............ (60)

## ▼ ئىسلام مائارىپى ▼

ئەخمەتجان ئەبەيدۇللا، ئېلىئەكبەر جېلىل قاتارلىقلار خەۋىرى.......... (60)

## ▼ تۆھپىكار دىنىي زاتلار، ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار ▼

مۆمىنجان قادىر، ھەسەنجان، مەتقاسىم جامال قاتارلىقلار خەۋىرى ........ (61)

## ▼ خەۋەرلەر ▼

ياقۇپ ھاجى، ئاسىمگۈل يۇسۇپ، ئابدۇلئەھەت ئالىم قاتارلىقلار خەۋىرى.... (63)

( بۇ سان 2005-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى )

www.uyghurkitap.com

# ھەدىس شەرىپ توغرىسىدا ئومۇمىي بايان*

مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## ھەدىس كىتابلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى

بايانىمىزنىڭ باش قىسمىدا ئەسىرى سائادەت(ھىجرىيە يىللىرىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى) تە ھەدىس شەرىفنىڭ ئاساسەن ئاغزاكى رەۋىشتە تارقالغانلىقى، ئايرىم ساھابىلەرنىڭ بىر قىسىم ھەدىسلەرنى خاتىرىلەپ بارغانلىقى، خاتىرە پارچىلىرىنىڭ ''سەھىفە'' دەپ ئاتالغانلىقى ئۈستىدە توختالغانىدۇق. كېيىنكى چاغلاردا ئىسلام فۇتۇھاتلىرى كۆپەيدى، ئىسلامىيەت دائىرىسى كېڭەيدى. ساھابىلەر، تابىئىنلار ئەتراپقا تارقالدى. بەزىلىرى ھىجاز زېمىنىدا تارقالغان بولسا، بىر مۇنچىلىرى شام(سۇرىيە)، مىسىر، كوفە، ئىراق تەرەپلەرگە كۆچۈپ كەتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار قازا قىلىپ ئۇلارنىڭ سانى كۈندىن كۈنگە ئازىيىشقا ۋە ھەدىس بىلەن ھەپىلەشكۈچىلەرنىڭ ھېپزى قۇۋۋىتى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاجىزلىششقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەدىسلەرنى تۈپلەپ كىتاب قىلىپ چىقىشقا جىددىي ئېھتىياج تۇغۇلدى. بۇ ئىشقا ئەڭ ئالدى بىلەن كۆڭۈل بۆلگەن زات خەلىپە ئۆمەر ئىبىن ئابدۇلئەزىز بولدى. ئۇ زات خەلىپە ۋەلىد ئىبىن ئابدۇلمەلىك دەۋرىدە مەدىنىگە ۋالىي بولغان، ھىجرىيە 99-يىلى ئۇمەۋىلەر دۆلىتىنىڭ خەلىپىلىكىگە سايلانغان. ئۇ ئەنەس ئىبنى مالىك، سائىب ئىبنى يەزىد، يۇسۇف ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى سەلام، ھەكىمنىڭ قىزى خەۋلە قاتارلىق ساھابىلاردىن، ئىبنى مۇسەييەب، ئورۋە، رەبىئ قاتارلىق تابىئىنلاردىن ھەدىس تەلىم ئالغان. ئەبۇ سەلەمە ئەبۇ بەكرى ئىبنى مۇھەممەد زوھرى، يەھيا ئەنسارى، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر قاتارلىق ئالىملار ئۇنىڭدىن ھەدىس تەلىم ئالغان. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز چاھارىيارلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغان، ئۇنىڭ ھەدىس شەرىفكە بولغان ھېرىسمەنلىكى ئۆلىمالار جامائەسى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان. ئۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا ئەڭ ئىشەنچلىك زات بولغان. ئۆلىمالارنى ھەدىس بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. ئۇ مەدىنىدىكى ئەمەلدارى قازى ئەبۇ بەكرى ئىبنى ھەزمگە: ''پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى خاتىرىلەپ يېزىپ قويغىن. مەن ئۆلىمالار تۈگەپ ئىلىمنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم'' دەپ خەت يازغان. شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئابدۇرەھمان ئەنسارىنىڭ قىزى ئەمرىنىڭ ۋە قاسىم ئىبنى مۇھەممەدنىڭ بىلىدىغان ھەدىسلىرىنى يازدۇرۇپ ئەۋەتىپ بېرىشىنى جېكىلىگەن.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز يەنە ئىسلامىيەت دائىرىسىگە كىرگەن ئاساسلىق شەھەرلەرنىڭ ئەمەلدارلىرىغا ھەدىسلەرنى توپلاش توغرۇلۇق مەكتۇپ يوللىغان. ھىجاز بىلەن شامنىڭ تونۇلغان ئالىمى ھېسابلانغان ئىبىن شىھاب زوھرى ئۆزىنىڭ توپلىغان ھەدىس كىتابىنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بەرگەن، بۇ ئالىمنىڭ ئىسمى ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىم بولۇپ، زوھرى، ئىبنى شىھاب، ئىبنى شىھاب زوھرى قاتارلىق ناملار بىلەن مەشھۇر. ئۇ ئەنەس ئىبنى مالىك، سەھل

*باش قىسمى ئۆتكەنكى سانلاردا

ئىبنى سەئىد، سائىب ئىبنى يەزىد، ئابدۇراهمان ئىبنى ئەزهەر، رەبئە، مەهمۇد ئىبنى رەبىئ، ئەبۇ تۇفەيل قاتارلىق ساهابىلاردىن ۋە تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. زوھرى تابىئىن ۋە تەبئى تابىئىنلاردىن بولۇپ نۇرغۇن كىشىلەرگە ھەدىس ئۆگەتكەن. ئۇنىڭ ھەدىس ئىلمىدىكى بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى پېشۋالىقىنى ئۇنىڭ زاماندىشى ئالىملىرى بىردەك ئېتىراپ قىلغان. ئەمر ئىبنى دىنار: " ئىلمى ھەدىستە زوھرىدىن پۇختا ئادەمنى كۆرمىدىم" دېگەن. زوھرىنىڭ ھېپزى قۇۋۋىتى ناهايىتى كۈچلۈك بولغان. بۇخارى يازغان تارىخ كىتابىدا: "زوھرى قۇرئاننى 80 كېچىدە يادلاپ بولغان" دېگەن. زوھرىنىڭ ئۆزىمۇ: "يادقا ئالغان نەرسىلىرىمنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق" دېگەن. خەلىپە ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك بالىسىنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن زوھرىدىن ھەدىس يېزىپ بېرىشنى سورىغان. زوھرى ئۇنىڭغا 400 ھەدىس يېزىپ بەرگەن. بىر ئايدىن كېيىن ھىشام زوھرىغا ئۇنىڭ يېزىپ بەرگەنلىرىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى ئېيتقان. زوھرى بىر كاتىپنى چاقىرىپ بۇرۇن يېزىپ بەرگەنلىرىنى بىر ھەرپمۇ قالدۇرماي يادىدىن ئېيتىپ بەرگەن. دېمەك، ئىبنى شىھاب زوھرىنىڭ باشلاپ بېرىشى بىلەن ھەدىس توپلاملىرىنى تۈزۈش ئىشى بىر قەدەر كەڭ دائىرىدە قانات يېيىشقا باشلىغان. شىھاب زوھرىدىن قالسا تۆنجى بولۇپ ھەدىس كىتابى تۈزگەنلەر: مەككىدە ئىبنى جورەيج، مەدىنىدە مالىك ئىبنى ئەنەس، بەسرەدە ھەمماد ئىبنى سەلەمە، كوفەدە سەۋرى، شامدا ئەۋزائى، ۋاسىتتا ھوشەيم، يەمەندە مەئمەر، خۇراساندا ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك قاتارلىقلار بولغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئەسىرنىڭ ئادەملىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەدىسلەرنى جەملەپ كىتاب تۈزۈشتىكى ئۇسۇلى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ساهابىلەرنىڭ سۆزلىرى ۋە تابىئىنلارنىڭ پەتىۋالىرى بىلەن ئارىلاش بايان قىلىش بولغان.

ئۇمەييە خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە باشلانغان ھەدىس شەرىفنى توپلاش ئىشى ھىجرىيە ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە يەنى ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ھىجاز بىلەن ئىراق ھەدىس شەرىف راۋاجلانغان جايلار بولغان بولسا، ئۇزاق ئۆتمەي شەرقتە بۇخارا، سەمەرقەندلەر، غەرب تەرەپتە قەيرۇۋان، قۇرتوبەلەر ھەدىس شەرىف رىۋايەت قىلىشنىڭ مەركىزىي جايلىرىغا ئايلانغان. ئىلگىرى كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار ساهابىلەر ۋە تابىئىنلاردىن بولغان زاتلار بىلەن چەكلەنگەن بولسا، كېيىنكى كۈنلەردە ھەدىسشۇناسلىق يۇقىرىقى جايلاردىن يېتىشىپ چىققان ھەدىس پېشۋالىرى مۇھەددىسلەرگە مەركەزلەشكەنىدى. ئىمام زوھرى قاتارلىق ھەدىسشۇناسلارنىڭ ئەينى دەۋردە تۈزۈپ چىققان ھەدىس توپلاملىرىدىن ئىمام مالىكنىڭ مۇۋەتتا كىتابى، ئىمام شافىئىنىڭ مۇسنەد كىتابى، مۇۋەتتا كىتابىنىڭ راۋىلىرىدىن بىرى بولغان ئىمام مۇھەممەد ھەسەن شەيبانىنىڭ «ئاسار» ناملىق كىتابى قاتارلىقلاردىن پەقەت بىر قىسمىلا يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن ھەدىس توپلاملىرىنىڭ ھەدىسلىرى زايا بولۇپ كەتمەستىن ئەينى چاغلاردا يېزىلىپ، باشقىچە تەرتىپتە تۈزۈلۈپ، بىزگە يېتىپ كەلگەن ھەدىس كىتابلىرىغا كىرگۈزۈلگەن.

ئەينى زاماندا يەنە ئىمام ئابدۇررەززاق سەنئانىنىڭ المصنف (مۇسەننەف) ناملىق ھەدىس كىتابى شۇئبە ئىبنى ھەججاج بىلەن سوفيان ئىبنى ئۇيەينەنىڭ مۇسەننەف ناملىق ھەدىس كىتابلىرى، ئىمام زەيدنىڭ، ئەزائىنىڭ، ھەمدىنىڭ المجموعة (مەجمۇئە) ناملىق ھەدىس كىتابلىرى، لەيس ئىبنى سەئىدنىڭ المعنف (مۇئەننەف) ناملىق ھەدىس كىتابلىرى مەيدانغا كەلگەن. تۆۋەندە بىز شۇ دەۋردە تەئلىف قىلىنغان ھەدىس كىتابلىرى ئىچىدە بىر قەدەر نوپۇزلۇق بولغان ئىمام مالىكنىڭ مۇۋەتتا كىتابى ئۈستىدە توختىلىمىز.

ئىمام مالىك تەئلىف قىلغان الموطأ (مۇۋەتتا) كىتابى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى، ساهابىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ۋە تابىئىنلارنىڭ پەتىۋالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇۋەتتا بولسا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى فىقھە بابلىرى بويىچە تۈرگە ئايرىغان ئەڭ دەسلەپ مەيدانغا كەلگەن كىتابلار جۈملىسىدىندۇر. ئىمام مالىك بۇ كىتابىنى ئەبباس خەلىفىلىرىدىن بولغان ئەبۇ جەئفەر مەنسۇرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىپ چىققان. ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: "بۇ كىتابىمنى يېزىپ چىقىپ مەدىنىنىڭ فىقھشۇناسلىرىدىن 70 كىشىگە كۆرسەتتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىتابىمنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا «مۇۋەتتا»دەپ ئىسىم قويدۇم". ئىمام مالىك مۇۋەتتانى تۈزۈشكە ۋە تولۇقلاپ تۈزىتىپ چىقىشقا 40 يىل ۋاقىت سەرپ قىلغان. ئىمام سۇيۇتى مۇۋەتتاغا يازغان شەرھىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئەۋزائىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئەۋزائى: ' مۇۋەتتا كىتابىنى ئىمام مالىكنىڭ

ئالدىدا ئوقۇپ 40 كۈندە ئۆتكۈزگەنىدۇق. ئىمام مالىك بىزگە: مەن 40 يىلدا يېزىپ چىققان كىتابنى 40 كۈندە ئوقۇپ ئۆتكۈزدىڭلار، ئۇنىڭدىن ئالغان چۈشەنچەڭلار تولىمۇ ئاز بولۇپ قالدى دېدى، دېگەن’ ”.

ئىمام مالىكنىڭ مۇۋەتتانى تۈزۈش ئۇسۇلى مۇنداق: ماۋزۇغا ئۇلاپلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى بېرىپ، ئاندىن ساھابىلەرنىڭ ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرىنى بېرىدۇ. گاھىدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مەدىنىدە بىرلىككە كېلىنگەن بەزى ئەھكاملارنى بايان قىلسا، بەزىدە ئايرىم يەككە سۆزلەرنى ياكى جۈملىلەرنى ئىزاھلايدۇ. مۇۋەتتا كىتابىنىڭ دۇرۇس ھەدىسلەردىن تۈزۈلگەنلىكىنى سەلەف ئۆلىمالىرى تەكىتلەپ ئۆتكەن. سوفيان ئىبنى ئويەينە: ” ئىمام مالىك كىتابىغا سەھىھ ھەدىسلەرنى تاللىغان ۋە ئىشەنچلىك زاتلار رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرنى ئاساس قىلغان“ دەيدۇ. ئالىم ئىبنى ئەبدۇبەر مۇنداق دەيدۇ: ” ھەدىسلەرنىڭ سەنەدىنى تەكشۈرۈش قىيىن ئىش، ھەدىسلەرنىڭ راۋىلىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىمام مالىك ھەدىسلەرنى چەككىلەپ تاللىغانلىقى، راۋىلىرى ئىشەنچلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇۋەتتادىن پايدىلانغان ئادەم سەنەدلەرنى تەكشۈرۈش جاپاسىنى تارتمايدۇ، ھەدىستە ئىشەنچلىك ئاساسقا ئىگە بولغان بولىدۇ“. ئىمام مالىك سەھىھ ھەدىسلەرنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا شەرتى چىڭ بولغان سەھىھ بۇخارى، سەھىھ مۇسلىملار مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇن تەئلىف قىلىنغان كىتابلار ئىچىدە مۇۋەتتا كىتابى سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى بولغان، مۇۋەتتا ھىجرەت يۇرتى(مەدىنە مۇنەۋۋەرە)نىڭ پېشۋاسى، ھىجاز زېمىنىنىڭ تونۇلغان ئالىمى، تەھقىقلىگۈچى مۇھەددىس ئىمام مالىكنىڭ ئەسىرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتى ئىمام مالىكنىڭ 40يىللىق جاپالىق ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ يارقىن نەتىجىسى، ھەدىسخۇمارلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان شېرىن مېۋىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەل ئىچىدە داڭ چىقارغان. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مۇۋەتتا ھەدىسلىرىنى مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئىمام مالىكتىن بىۋاستە رىۋايەت قىلغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىمام شافىئى، ئىمام مۇھەممەد ھەسەن شەيبانى، ئىبن ۋەھب قاتارلىق فىقھشۇناسلارمۇ، يەھيا ئىبنى سەئىد قەتتانى، ئىبنى مەھدى، ئابدۇرەززاق ئىبنى ھۇمام قاتارلىق مۇھەددىسلەرمۇ، ھارۇن رەشىد، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئەمىن، مەئمۇن قاتارلىق پادىشاھلارمۇ بولغان. سۈننىيلەرنىڭ فىقھى مەزھەپلىرىنىڭ ھەممىسى شەكىللىنىشىدە دېگۈدەك مۇۋەتتا كىتابىدىن ئوزۇقلاندۇرۇلغان. ئىبنى ئەرەبى: ”ھەدىس كىتابلىرىنىڭ دەسلەپكى ئاساسى مۇۋەتتا بولغان“ دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. بۇرۇنقى ئۆلىمالارنىڭ مۇۋەتتا كىتابى بىلەن ھەپىلىشىشى، مۇۋەتتا ئۈستىدە توختىلىشى، ئۇنىڭ سۆزلۈكلىرىنى، مەسىلىلىرىنى شەرھلىشى، ھەدىسلىرىنى ئۆگىنىشكە بېرىلىشى مۇۋەتتانىڭ شۆھرىتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن. ھەتتا ئابباسى خەلىپىلىرىدىن مەنسۇر بىلەن ھارۇن رەشىد پۈتۈن ئەھكام، پەتىۋالاردا باشقا كىتاب بويىچە ئەمەس، پەقەت مۇۋەتتادىكى ھۆكۈملەر بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشنى پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇق شەكلىدە تاڭماقچى بولغان. ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: ”خەلىفە مەنسۇر ھەجگە بارغان چېغىدا ماڭا: ’ يازغان كىتابىڭ مۇۋەتتانىڭ نۇسخىلىرىنى كۆپەيتىپ ھەر بىر شەھەرگە بىر نۇسخا ئەۋەتكىن. مەن كىشىلەرگە باشقا كىتاب بويىچە ئەمەس، پەقەت مۇۋەتتا بويىچە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈش قارارىغا كەلدىم’ دېگەندە، مەن: ’ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، بۇنداق قىلمىغىن، كىشىلەرنىڭ ئاڭلاپ، ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ھەدىسلىرى، كىتابلىرى بار. كىشىلەر بۇرۇنقى پېتى كېتىۋەرسۇن، ئەمەل قىلىۋاتقان رىۋايەتلىرى بويىچە ئىش كۆرۈۋەرسۇن، ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارىغا قويغىن’ دېدىم“. ئىمام مالىك يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”خەلىفە ھارۇن رەشىد مۇۋەتتانى كەئبىگە ئاسماقچى بولغانلىقى، كىشىلەرنى مۇۋەتتانىڭلا ھۆكمى بويىچە ئىش كۆرۈشكە ئەمىر قىلىپ بۇيرۇق چىقارماقچى بولغانلىقى ئۈستىدە ماڭا مەسلىھەت تەرىقىدە سۆز قىلدى. مەن: ’ئۇنداق قىلمىغىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى شەرىئەتنىڭ شاخچە مەسىلىلىرىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن ئەمەس، ئۇلار شەھەرمۇ شەھەر تارقىلىپ كېتىپ ئۆز قارىشى بويىچە ئىش كۆرگەن، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى توغرا دېيىشكە بولىدۇ’ دېدىم. ھارۇن رەشىد ماڭا: ’ئاللاھ ساڭا تەۋپىق ئاتا قىلىپتۇ’ دېدى“. بۇ ئىمام مالىكنىڭ يۈكسەك كەمتەرلىك پەزىلىتىنىڭ نامايەن قىلىنىشى بولۇپ، ئىمامنىڭ شۇنچە كىچىك پېئىل بولۇشىغا قارىماي، مۇۋەتتا كىتابى ئىمام ھايات ۋاقتىدىلا كىشىلەر تەرىپىدىن ئالقىشلىنىپ كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ كۆپلىگەن كىشىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنىپ زور نوپۇز قازانغان. مۇۋەتتا كىتابىغا نۇرغۇن ئالىملار تەرىپىدىن شەرھلەر يېزىلغان:

1) قۇرتۇبىلىق ئىبنى ئابدۇلبەر(ھىجرىيە 463-يىلى قازا قىلغان) «تەمھىد» (التمهيد لما في الموطأ من المعاني والأسازد ) ناملىق شەرھىنى يازغان. بۇنىڭدا ئىمام مالىكنىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلغان شەيخلىرىنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلەپ چىققان. ئىبنى ھەزم بۇ شەرھنى ماختاپ: " ئىلمى ھەدىس بويىچە بۇنىڭدىن ئارتۇق كىتابنى كۆرگىنىم يوق" دېگەن. 2) جەلالىدىن سۇيۇتى(ھىجرىيە 911-يىلى ۋاپات بولغان) «كەشفۇلمۇغەتتا»(كشف المغطى في شرح الموطأ ) نى يېزىپ بولۇپ، ئۇنى قىسقارتىپ «تەنۋىرۇلھاۋالىك» (تنوير الحوالك) دەپ ئاتىغان. كېيىن بۇ كىتاب مىسىردا كىچىك 3 جىلدلىق بېسىلغان. 3) مىسىرلىق مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلباقى(ھىجرىيە 1014-يىلى ۋاپات بولغان) «شەرھى زەرقانى» دەپ مەشھۇر بولغان 3 جىلدلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەرھنى يازغان. 4) ھىجرىيە 1264- يىلى تۇغۇلغان ھىندىستانلىق ئابدۇلھەي «تەئلىق مۇمەججەد» (التعليق المجد )ناملىق شەرھنى يازغان. 5) ھىجرىيە 1176- يىلى ۋاپات قىلغان قۇتبىدىن ئەھمەد پارسچە «مۇسەففا» (المصفى ) ناملىق ۋە ئەرەبچە «مۇسەۋۋا» (المسوى) ناملىق شەرھلىرىنى يازغان.

ئىمام مالىك مۇۋەتتانى 100 مىڭ ھەدىس ئىچىدىن تاللاپ يېزىپ چىققان. مۇۋەتتا كۆپ كىشىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن مۇۋەتتا ھەدىسلىرىنىڭ سانى ئوخشىمىغان نۇسخىلاردا ئوخشاش ئەمەس. ئىشەنچلىك رىۋايەتتە ئۇنىڭ ھەدىسلىرى 1720 دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ. ھەدىسنىڭ تۈرى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇسنەد ھەدىس 600، مۇرسەل ھەدىس 222، مەۋقۇف ھەدىس 613 بولۇپ، تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرى 285 دۇر.

مۇھەددىسلەر ئىچىدە ئەڭ دۇرۇس ئىسناد دەپ تونۇلغان ئىسنادلارنىڭ تولىسىنى مۇۋەتتانىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۇنىڭ ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئىمام ئەبۇ سۇلەيمان خەتتابى، ئەبۇلۋەلىد باجى، ئىبنى رەشىق قەيرۇۋانى، ئەبۇلقاسىم ئابدۇرەھمان جەۋھەرى قاتارلىق ئالىملار مۇۋەتتانى ئىخچاملاپ قىسقارتىلما نۇسخىلىرىنى يېزىپ چىققان.

مەجدىددىن ئىبنى ئەسىر مۇۋەتتانى "سىھاھسىتتە" دەپ ئاتالغان مەشھۇر 6 پارچە ھەدىس كىتابىنىڭ ئالتىنچىسى دەپ قارايدۇ. جەمھۇر مۇھەددىسلەر بولسا ئۇنى سىھاھسىتتە(صحاح ستة ) قاتارىدا سانىمايدۇ. ئەمما سىھاستتە مۇئەللىپلىرى ئىمام مالىكنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ شاگىرتلىرىدۇر.

ئىمام مالىك ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئۇستازى، مەشھۇر 4 مەزھەپنىڭ بىرى بولغان مالىكىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى ۋە ئىمامىدۇر. ئۇنىڭ فامىلىسى ئەبۇ ئابدۇللا بولۇپ، بوۋىسى ئەبۇ ئامىرنىڭ رەسۇلۇللاھ سۆھبىتىدە بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىمام مالىك ھىجرىيىنىڭ 93-يىلى تۇغۇلغان. ئۇ نافىئ ئەبۇ ئابدۇللا، زوھرى قاتارلىق ئۇلۇغ تابىئىنلاردىن ھەدىس شەرىف ئۆگەنگەن. رەبىئە رەئيى، ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ، ئابدۇللاھ ئىبنى دىنار، جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد سادىقلار ئىمام مالىكنىڭ ئۇستازلىرى ئىدى. ئۇ قىرائەت ئىلمىنى نافىئدا ئوقۇغان. ئىمام مالىكتا سانسىزلىغان ئالىملار ئوقۇغان. ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى(ئىمام مۇھەممەد)، سوفيان سەۋرى، ئابدۇرەھمان ئەۋزائى، لەيس ئىبنى سەئىد، ئىمام شافىئىلار ئىمام مالىكنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىدى. ئىمام مالىك تەفسىر، ھەدىس ۋە فىقھى ئىلىملىرىدە زور مەلۇماتلىق بولغانلىقى ئۈچۈن كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ ئۇستاز ۋە شەيخلىرىمۇ، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئۇستازى زوھرىمۇ ئۇنىڭ ئىلمىدىن ئىستىفادە قىلغان. ئىمام مالىك دەۋرىدە مەدىنە مۇنەۋۋەرە بويىچە پەتىۋا بېرىش ئىشى ئىمام مالىكقا قاراشلىق بولغان. ئىمام مالىك ھەدىستىن دەرس بەرگەندە تاھارەت ئېلىپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇراتتى. رەسۇلۇللاھقا بولغان كامالىي ھۆرمەت يۈزىسىدىن مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ئۇلاغ مىنمەي، ھەتتا ياشىنىپ قالغان چاغلىرىدىمۇ پىيادە يول يۈرەتتى. ئىمام مالىك زاماندىش ئالىملار تەرىپىدىن ئىززەت-ئىكرامغا سازاۋەر ئىدى. ئىمام شافىئى: " ئەگەر ئىمام مالىك بىلەن سوفيان ئىبنى ئۇيەينە بولمىغان بولسا، ھىجاز زېمىنىدا ئىلىم قالمىغان بولاتتى" دېگەن ھەمدە ئىمام مالىكتەك ئالىم، فازىل كىشىنى كۆرگەنمىدىڭىز؟ دېگۈچىلەرگە: "ئۇنىڭدەك فازىل زاتنى كۆرۈش بىزگە ئەمەس، بىزنىڭ ئۇستازلىرىمىزغىمۇ نېسىپ بولمىغان" دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئابباسىيلار زامانىدىكى قازى كالان ئىمام ئەبۇ يۈسۈف خەلىفە ھارۇن رەشىدكە ھەمراھ بولۇپ ھەجگە بارغاندا بەزى مەسىلىلەردە ئىمام مالىك بىلەن مۇنازىرىلەردە بولغان. ئىمام مالىك: "نامازدىكى سەھۋەنلىك، نۇقسانلىق سەۋەبىدىن بولسا سەجدە سەھۋىنى سالام بېرىشتىن ئىلگىرى قىلىش كېرەك. زىيادىلىك سەۋەبىدىن بولسا سەجدە سەھۋىنى سالام بېرىشتىن كېيىن قىلىش كېرەك" دېگەندە، ئىمام ئەبۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى

يۇسۇف: ‹‹بىر ئادەم نامازدا ھەم زىيادىلىك ھەم نۇقسانلىق سەۋەنلىكى ئۆتكۈزسە قانداق قىلىش كېرەك؟›› دەپ سوئال قويۇپ ئىمام مالىكنى توسۇپ قويغان. ئىمام ئەبۇ يۇسۇف: ‹‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەجدە ئەرافاتتىكى چېغىدا جۈمە نامىزى ئوقۇغان›› دېگەن قاراشتا بولۇپ، بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئالدى بىلەن خۇتبە ئوقىدى، ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، دەپ دەلىل كەلتۈرگەن. بۇنىڭغا قارشى ئىمام مالىك: ‹‹خاتا سۆزلىدىڭ، ئۇ كۈنى جۈمە كۈنى بولماي، شەنبە كۈنى بولغان تەقدىردىمۇ رەسۇلۇللاھ شۇنداق قىلغان بولاتتى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ مۇساپىر ھېسابلانغانلىقتىن پېشىننىڭ 4 رەكئەت پەرزىنى قەسىر قىلىپ 2 رەكئەت ئوقۇغان. رەسۇلۇللاھنىڭ قىرائەتنى مەخپىي ئوقۇشى بۇ نامازنىڭ جۈمە ئەمەس، پېشىن ئىكەنلىكى ئۈچۈن دەلىل بولالايدۇ›› دەپ ئىمام ئەبۇ يۇسۇفنى يېڭىپ قويغان. خەلىفە ھارۇن رەشىد ئىمام مالىكنىڭ سۆزىنى توغرا تاپقان.

تارىخچىلار بولۇپمۇ مۇھەددىسلەر ئىمام مالىكنىڭ تەرجىمھالى ھەققىدە مۇستەقىل كىتابلار يازغان. ئەبۇ بەكرى ئەھمەد ئىبنى مەرۋان، ئىسا ئىبنى مەسئۇد، جەلالىددىن سۇيۇتى قاتارلىقلارنىڭ بۇ ھەقتە يازغان كىتابلىرى شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

ئىمام مالىك قامەتلىك، ئاق يۈزلۈك، بېشى يوغانغىنە كەلگەن زات ئىدى. تەمكىن، سالاپەتلىك بولۇپ، بۇ زاتنىڭ ھوزۇرىغا ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن كىشىلەر يىراق جايلاردىن توپ-توپ بولۇپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئىلىم سورۇنىدا غەيۋەت-شىكايەتلەر، بېھۇدە سۆزلەر بولمايتتى. ئۇ 17 يېشىدىن تارتىپ پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم ئۆگىتىش ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن، ئىلىم بابىدا تولىمۇ كەمتەر ئىدى. ئىلىم مەسىلىلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى. ئىمام مالىكتىن 48 مەسىلە سورالغان. 32 مەسىلىگە ‹‹ئۇقمايمەن›› دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ئىش ئىمامنىڭ ئىلمى سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقىغا، فىقھى ئىلمىدىكى كامالەتلىرىگە [illegible] نۇقسان ھېسابلانمىغان. ئۆزى تەقۋادار زات بولۇپ، نۇرغۇن ۋاقتىنى مەسجىدى نەبەۋىدە ئۆتكۈزەتتى. شاگىرتلىرىغا: ‹‹ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، ھەدىس ئىلمىنى تارقىتىشقا تىرىشىڭلار، كەلگەنلەرنى قايتۇرماي ئۆگىتىڭلار، ئىلىمدە مېنىڭ توغرا بولغان تەرەپلىرىم بولۇشى بىلەن خاتا كەتكەن تەرەپلىرىممۇ بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ پەتىۋالىرىمنى قۇرئان، ھەدىسكە توغرىلاپ، توغرا بولغانلىرىنى قوبۇل قىلىڭلار، خاتا بولغانلىرىنى تەرك ئېتىڭلار›› دەپ نەسىھەت قىلاتتى. ئۇ ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ كىشىلەرنى مەجبۇرىي بەيئەت قىلدۇرغانلىقىنى توغرا ئەمەس دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن مەدىنىنىڭ ئەمرى جەئفەر ئىبنى سۇلەيمان ئىمام مالىكنى قامچا بىلەن ئۇرغۇزۇپ بىر قولىنى سۇندۇرۇۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئىمامنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئابرۇيى تېخىمۇ ئۆسكەن. ئىمام مالىك: ‹‹كىشىلەر مەن توغرىلىق نېمىلەرنى دەيدۇ؟›› دەپ سورىغاندا ئۇنىڭغا: ‹‹دوستلىرىڭ سېنى ماختايدۇ، دۈشمەنلىرىڭ تىللايدۇ›› دېيىلگەن. ئىمام بۇ گەپنى ئاڭلاپ: ‹‹ئىنسانلار شۇنداق بولىدۇ. تىللارنىڭ توختىماي سۆزلىشىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز›› دېگەن.

ئىمام مالىكنىڭ مەزھىپى (مالىكى مەزھىپى) ئەسلىدە ھىجاز زېمىنىدا مەيدانغا كېلىپ شۇ يەردە ئومۇملاشقان بولسىمۇ، كېيىنكى چاغلاردا شىمالىي ئافرىقىنىڭ تۇنىس، ئالجىرىيە، مەراكەش، لىۋىيە قاتارلىق جايلىرىدا دېڭۈدەك كەڭ تارقالغان. ئىمام مالىك ھىجرىيە 93-يىلى تۇغۇلۇپ، 179-يىلى 86 يېشىدا ۋاپات بولۇپ مەدىنە مۇنەۋۋەردە جەننەتى بەقىئ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

(داۋامى بار)

## ئىران پارلامېنت ۋەكىللىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى**: ئىران - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بۇلزادە باشچىلىقىدىكى ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى دۆلەت پارلامېنتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى 2005 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا، مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىددىن ھاجى، مۇئاۋىن باش كاتىپى ھاجى بارات رەجەپ قاتارلىقلار مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلار بىلەن سەممىي سۆھبەتلەشتى.

# ئاللاھنىڭ مېھىر- مۇھەببىتى

## ۋە مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى توغرىسىدا

❖ مۇختار ياقۇپ

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلام دىنى سۆيگۈ- مۇھەببەت دىنىدۇر؛ ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسانلارنى، ئالەمدىكى بارلىق جانلىقلارنى، پۈتۈن كائىناتنى چوڭقۇر مېھىر- مۇھەببىتى بىلەن سۆيىدۇ. مېھرىبان ئاللاھ بۇ سۆيگۈنى بىزگە بۈيۈك ئەلچىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەم «قۇرئان كەرىم» ئارقىلىق ئۆگەتتى. ھەربىر ئادەم تەپەككۇر قىلىش ھەم «قۇرئان كەرىم»، ھەدىسلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئۆزىگە يەتكۈزگەن چەكسىز مېھىر- شەپقىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۆز رەببىگە تەشەككۇر ئېيتىشى، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئەمەللەرنى، جۈملىدىن باشقىلارغا مېھىر- شەپقەت يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت مۇھىم ئەمەلنى ھەر دائىم ئەمەلىي ئىلىپ بېرىشى لازىم. پەرۋەردىگارىمىز «قۇرئان كەرىم»دە: **"پاسىقلار ئاللاھ ۋەدە ئالغاندىن كېيىن بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ، ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرۇغان شەيئىنى ئۈزۈپ قويىدۇ( يەنى سىلە- رەھىم قىلمايدۇ)، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ؛ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر"** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە) 27- ئايەت} دەپ، پاسىقلارنىڭ بىر سۈپىتى مېھىر- شەپقەتنى داۋاملاشتۇرمايدۇ، دېدى ھەم ئۇلارنىڭ دۇنيا، ئاخىرەتتە زىيان تارتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. مېھرىبان رەببىمىز بىز ئىنسانلارغا ماددىي، مەنىۋى نېمەتلەرنى مۇكەممەل يەتكۈزۈپ بەردى، بىزنى ياراتتى، بىزنى تەربىيىلىدى، ئۆستۈردى. بىزگە بىباھا گۆھەر، چاقناپ تۇرغان نۇر — قۇرئاننى ئاتا قىلدى. «قۇرئان كەرىم»دە جەمئىي 114 سۈرە بار بولۇپ، 1- سۈرىنىڭ 1 - ئايىتى: **"ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن"** دەپ نازىل قىلىندى. بۇ ئايەت قۇرئاندىكى 113 سۈرىنىڭ بېشىدا تەكرارلاندى، 55- سۈرە «رەھمان» بولۇپ، بۇ سۈرە ئىگىمىزنىڭ **"مېھرىبان ئاللاھ"** دېگەن سۈپىتى بىلەن مەخسۇس ئاتالدى. «قۇرئان كەرىم»دە يەنە: **"ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر"** {سۈرە «ھەج» (22-سۈرە)، 65-ئايەت}. **"ئايەتلەر بىلەن ئۈنسى- ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (ئەر-خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر- مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ ( كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك- شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار"** {سۈرە «رۇم» (30-سۈرە)، 21-ئايەت}، **"(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، '(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم!**

www.uyghurkitap.com

**ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن(خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر"**{سۈرە «زۇمەر» (39- سۈرە)، 53-ئايەت} دەپ بىز ئىنسانلارغا بولغان چەكسىز مېھىر-مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ، بىزگە زور خۇشاللىق، ئۈمىد بەخش ئەتتى، بىزنى خاتىرجەم قىلىپ قەلبىمىزدىكى قورقۇنچ، غەم- ئەندىشىلەرنى خاتىرجەملىككە ئالماشتۇرۇپ بەردى. «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇيدىغان بولساق ئىگىمىزنىڭ بىز ئىنسانلارغا بولغان چوڭقۇر مېھىر- شەپقىتىنى ھېس قىلىمىز، قېتىپ كەتكەن دىلىمىز تەسىرلىنىپ ئېرىيدۇ. مېھرىبان رەببىمىز ئۆزىنىڭ بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا بايان قىلىدۇ. مېھرىبان ئاللاھ بىزنىڭ قەلبىمىزنىڭ يۇمشاق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىزنى باشقىلارنى قىزغىن سۆيۈشكە، ئاتا-ئانا، ئۇستاز، ئۇرۇق- تۇغقان، يېتىم- مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. مېھرىبان ئاللاھ بىز ئىنسانلارنى ئەڭ مۇكەممەل، چىرايلىق شەكىل، بەدەن بىلەن ياراتتى، بىزگە روھ ئاتا قىلدى. كائىناتنى، يەر يۈزىدىكى بارلىق شەيئىلەرنى بىز ئۈچۈن يارىتىپ بىزنىڭ مەنپەئەتىمىزگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. يەر يۈزىدىكى، دېڭىزدىكى، يەر ئاستىدىكى مول نېمەتلەرنى بىزگە ئاتا قىلدى، پايدىلاندۇردى. بىزنىڭ توغرا يولدا مېڭىشىمىز ئۈچۈن ئۇلۇغ پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەم «قۇرئان كەرىم»نى ئەۋەتتى. «قۇرئان كەرىم»دە ئىگىمىز: **"سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق"**{سۈرە «ئەنبىيا»(21-سۈرە)، 107- ئايەت} دېيىش ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جىمى جاھانغا كاتتا رەھمەتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ھەم **"سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ(ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆئمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر"**{سۈرە «تەۋبە»(9-سۈرە)، 128-ئايەت} دېيىش ئارقىلىق ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆز ئۈممەتلىرىگە بولغان چەكسىز مېھىر- شەپقەتنى نامايان قىلىپ، ھەممىمىزدىن پەيغەمبىرىمىزگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاشنى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەگداشسىز پەزىلىتىدىن ئۈلگە ئېلىپ ئۆزئارا مېھرىبان، شەپقەتلىك بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلدى. مېھرىبان ئىگىمىزنىڭ بىز ئىنسانلارغا بولغان چەكسىز مېھىر- مۇھەببىتى، غەمخورلۇقى، ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ھەرگىزمۇ ساناپ بولالمايمىز. بىز ئىگىمىزنىڭ ئەمىر- پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىپ گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ سالساقمۇ ئىگىمىز ئۆزىنىڭ چەكسىز ئەپۇچانلىقى "ھەلىم" سۈپىتى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، بىزنى كەچۇردى، جازالاشقا ئالدىراپ كەتمىدى، بىزنى "تۈزۈلۈپ قالار" دەپ بېرىۋاتقان نېمەتلىرىنى ئۈزۈپ قويمىدى. بىزدەك گۇناھكار پاسىق بەندىلەرگە يەنىلا غەمخورلۇق قىلدى، قىلىۋاتىدۇ... بۇئالەمدە ئەڭ كۆيۈمچان، ئەڭ مېھرىبان ئادەم پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر، ئاتا-ئانىلىرىمىزدۇر. بۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يۈكسەك مېھىر-مۇھەببەتمۇ رەببىمىزنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ جۇملىسىدىندۇر. ئىگىمىز «قۇرئان كەرىم» ئۈچۈن بىزدىن ھەق تەلەپ قىلمىدى. پەيغەمبىرىمىز "دىن تارقىتىمەن" دەپ 23 يىل تارتقان تەسۋىرلىگۈسىز ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ئۈچۈن بىزدىن ئىش ھەققى تەلەپ قىلمىدى. بىزنى بوۋاق چاغلىرىمىزدىن بېقىپ تەربىيىلەپ، بېجىرىم ئادەم قىلغان ئاتا-ئانىلىرىمىز بىزدىن ھەق تەلەپ قىلمىدى. ئۆز گۆشىدىن گۆش، ئۆز قېنىدىن قان ئايرىپ بەرگەن مېھرىبان ئانىلىرىمىز بىزدىن ھەق تەلەپ قىلمىدى. تەلەپ قىلغان بولسا بۇ ھەقلەرنى ئاسمان- زېمىن تولغىدەك ئاق ئالتۇن بىلەنمۇ تۆلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ماھىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ ئىگىمىزنىڭ بىزگە بولغان چەكسىز مېھرىدىن بولۇۋاتقان ئىشلار ئىدى.

بىز مېھرىبان ئىگىمىزنىڭ ھەركۈنى، ھەرۋاقىت، يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان نېمەتلىرىگە قانائەت قىلمايمىز. تېخىمۇ چوڭىنى ئارزۇ قىلىمىز. بۇ ئاچكۆزلىكىمىز بىزنى خاتىرجەمسىز قىلىپ بىزنى شۈكرىدىن(ئاللاھقا رەھمەت دېيىشتىن) مەھرۇم قىلدى. بىزنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ھېس قىلىشتىن قارىغۇ قىلىپ قويدى. خۇدا تېنىمىزنى ساق قىلىپ پەرۋىش قىلسا "ئاللاھقا رەھمەت! " دېمەيمىز، ئەمما ئۆزىمىزنىڭ شۇملۇقىدىن ئاغرىپ يېتىپ ، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ چالا- پۇلا ساقايساق "ھەجەپ ئوبدان ساقىيىپ قالدىم" دەيمىز، ھەركۈنى ھەقسىز ساپ ھاۋانى سۈمۈرسەك "شۈكرى ئاللاھ! " دېمەيمىز، ئەمما دوختۇرخانىلاردا ئوكسىگېننى قىممەت پۇل تۆلەپ ئاران-ئاران سۈمۈرىمىز! بىز مېھرىبان ئاللاھنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى ھېس قىلمايمىز. چۈنكى بىز بىكارغا بەھرىمەن بولۇپ كۆنۈپ قالدۇق! كۆڭلىمىزدە مۇشۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك! دەپ ئويلايمىز، گويا ئىگىمىز بىزگە قەرزداردەك!

جىمى ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پادىشاھى ئاللاھقا خاستۇر! ئاللاھ يەر يۈزىنى، پۈتكۈل ئالەمنى بىر دەقىقىدە، ئۆنىڭدىنمۇ ئاز ۋاقىتتا گۇمران قىلىۋېتىشكە قادىر! بىز چوڭ ساناۋاتقان يەرشارى بىزگە كىچىك كۆرۈنۈۋاتقان قۇياشتىن مىليون ھەسسە كىچىك! قۇياشنىڭ سىرتقى يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 6 مىڭ سېلسىي گرادۇس، مەركىزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى15 مىليون سېلسىي گرادۇس كېلىدۇ. شۇنچە كاتتا قۇياشمۇ ئىگىمىزنىڭ ئەمرىگە ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنۇپ ئىنسانلارغا نۇر ھەم ئىسسىقلىق يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن دائىرىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. گەپ ئاڭلايدۇ، ئاللاھقا خائىنلىق قىلمايدۇ. ئاللاھ ئۇلۇغدۇر!

مېھرىبان ئاللاھ بىز ئىنسانلارنى ياتلىشىپ كەتمىسۇن، ھەممىسى بىر ئاتا، بىر ئانىنىڭ پەرزەنتلىرى، ھەممىسى قېرىنداش، تۇغقان، ئۆزئارا سىلە-رەھىم قىلسۇن دەپ ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: ”**ئەجەبا سەن بىلمەمسەن؟ مېنىڭ بىر بەندەم ئاغرىق ئىدى، لېكىن سەن ئۇنى يوقلاپ بارمىدىڭ. جەزمەن بىلگىنكى، مۇبادا سەن ئۇنى يوقلاپ بارغان بولساڭ، جەزمەن مېنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىمنى بىلەتتىڭ. جەزمەن بىلگىنكى مۇبادا سەن ئۇنىڭغا ئوزۇقلۇق بەرگەن بولساڭ، جەزمەن مېنىڭ يېنىمدا ئاشۇنداق مۇكاپاتقا ئېرىشەتتىڭ . جەزمەن بىلگىنكى، مۇبادا سەن ئۇنى (ئۇسساپ كەتكەن بەندەمنى) سۇغۇرۇپ قويغان بولساڭ، چوقۇم مېنىڭ يېنىمدا ( جەننەتتە ) ئاشۇنداق مۇكاپاتقا (سەنمۇ) ئېرىشكەن بولاتتىڭ!**“(مۇسلىم رىۋايىتى). ئاللاھ پاكتۇر! ئۇلۇغ ئاللاھ ئەنە شۇنداق مېھرىباندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ”**ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشتىن قالسىلا ئەڭ ئۇلۇغ ئەمەل- ئىنسانىنى سۆيۈشتۇر**“(تەبرانى رىۋايىتى)؛ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**ئاللاھ مېھىر-شەپقەت قىلغان ئادەمگە مېھىر- شەپقەت قىلمەن ، مېھىر- شەپقەت قىلمىغان ئادەمگە مېھىر- شەپقەت قىلمايمەن**“ جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ”**مېھىر- شەپقەتنى ئۈزۈپ قويغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ**“ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ”**باشقىلارنىڭ سوۋغا قىلىپ بەرگەن نەرسىگە يارىشا سوۋغا قايتۇرغان ئادەم مېھىر- شەپقەت قىلغان بولمايدۇ، قارشى تەرەپتىن مېھىر- شەپقەت ئۈزۈپ قويۇلسىمۇ قارشى تەرەپكە مېھىر- شەپقەت قىلغان ئادەم مېھىر- شەپقەت قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ**“.

ئىسلام دىنى مېھىر- مۇھەببەت دىنى؛ ئىسلام دىنى رەھىم- شەپقەت دىنى! بىز ھەممىمىز «قۇرئان كەرىم»، ھەدىسلەر ئارقىلىق قەلبىمىزدە مېھىر- شەپقەت پەيدا قىلايلى! پەيغەمبىرىمىزنىڭ روھىدىن ئۆگىنىپ كەڭ قورساق، ئەپۇچان، مېھرىبان ئادەملەردىن بولايلى! مېھرىبان ئىگىمىزنىڭ بىز مۇسۇلمانلاردىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلايلى!

جىمى ھەمدۇسانا مېھىر- شەپقەتلىك ئاللاھقا خاستۇر!

(ئاپتور: قاغىلىق ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئىراندا زىيارەتتە بولدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** ئىران خەلقئارا ئىسلام دىنى تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن رەئىس ھىلالىدىن چېن گۋاڭيۈەن داموللا باشچىلىقىدىكى بەش كىشىلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زىيارەت ئۆمىكى 2005-يىل 4-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە ئىراننىڭ تېھران، مەشھەد، ئىسپاھان، قۇم قاتارلىق شەھەرلىرىدە مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە خادىملار بىلەن سۆھبەتتە بولۇپ، كۆپ تەرەپلىمە پىكىر ئالماشتۇردى، ئۇنىۋېرسىتېت، ئىسلام دارىلفۇنۇنى، كۇتۇپخانا، قۇرئان ئېلېكترون مەركىزى، مەسچىت-مەدرىس، ئاسارە-ئەتىقە ئورۇنلىرى قاتارلىقلارنى زىيارەت قىلدى. شۇنداقلا تېھراندا ئۆتكۈزۈلگەن 18-نۆۋەتلىك دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقلىقى يىغىنىغا قاتنىشىپ ھەر قايسى ئەللەر ئۆلىمالىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئىراننىڭ دىنىي داھىيسى، زۇڭتۇڭى، پارلامېنت باشلىقى قاتارلىق رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

بۇ ئۆمەكنىڭ زىيارىتى جۇڭگو-ئىران ئىككى دۆلەت خەلقى، جۈملىدىن ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى سۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

جارۇللا يۈسۈپ

بسم الله الرحمن الرحيم

**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

ئىلاۋە: «قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس ساماۋى كىتابى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دىنىي ئەقىدە جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى بەدىئىي ئالاھىدىلىكى جەھەتتىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت كامالى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى نامايان قىلغان. ئاپتور جارۇللا يۈسۈپ «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» دېگەن تېمىدا ئەتراپلىق بىر چوڭ ماقالە يازغانىدى، بۇ ماقالىنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدىن باشلاپ بەرمەكچىمىز.

«قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ قانۇنى، نىزامنامىسى ۋە قانۇن چىقىرىش ئاساسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرىكەت قائىدىسى ۋە مىزانى، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان مۇقەددەس ساماۋى كىتاب.

«قۇرئان كەرىم»نى ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلغاندىمۇ، ئۇنى مۇكەممەل بەدىئىي ئەسەر دېيىش مۇمكىن. چۈنكى، بەدىئىي ئەدەبىياتقا تەۋە بولغان نۇرغۇن ئامىل، تەرەپلەر «قۇرئان كەرىم»دە ئىپادىسىنى تاپقان. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگىنىمىزدە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ يۈكسەك بەدىئىي ئۇسلۇبقا ئىگە، مۇكەممەللىك دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى ئەسەر ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بولۇپمۇ، تىل، قۇرۇلما، ئېستېتىكا ۋە ئىستىلىستىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئۆزگىچە ھالەتتە ئىپادىلەنگەن بولۇپ، خاس بەدىئىي ئۇسلۇب ھاسىل قىلغان.

## 1. «قۇرئان كەرىم»نىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى

### 1) بايان تىلى

«قۇرئان كەرىم»دە بايان تىلىنىڭ ئىپادىلىنىشى كۆپ تەرەپلىملىك بولۇپ، ئۈچ شەخس تىلى ۋە ئۇنىڭ بىرلىك، كۆپلۈك تۈرىنىڭ ھەممىسى قوللىنىلغان، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىدىن ئېيتقاندا ئۇنىڭدا ئۈچ شەخس تىلىنىڭ كۆپلۈك تۈرى(بىز، سىلەر، ئۇلار) كۆپرەك ئىشلىتىلگەن.

ئادەتتە ئەدەبىياتتا ئۈچ شەخس تىلىنى تەڭ قوللىنىش كۆرۈنمەيدۇ. كۆپىنچە پروزا ئەسەرلىرى 1-، 3- شەخس تىلى بىلەن، نەسىر ژانىرى 1-، 2- شەخس تىلى بىلەن يېزىلىدۇ. لېكىن «قۇرئان كەرىم»دە ئۈچ شەخس تىلىنىڭ بىرلىك ھەم كۆپلۈك تۈرى ئۇستىلىق، ماھىرلىق بىلەن باغلاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلغان. شەخس تىللىرى يۆتكەلگەندە، كۆپىنچە دىئالوگ تىلى ئارقىلىق ئايەتلەر بىر- بىرىگە چېتىلغان. شەخس تىللىرىنىڭ ئارىلاشما ھالەتتە قوللىنىلىشى «قۇرئان كەرىم»نىڭ باش قىسمىدىكى ئۇزۇن سەھىپىلىك سۈرىلەردە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. كەينى قىسمىدىكى قىسقا سەھىپىلىك سۈرىلەر بولسا، بىۋاسىتە ھالدا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن 3- شەخس

تىلى بىلەن بايان قىلىنغان. مەسىلەن: 98-سۈرىدىن 114-سۈرىگىچە بولغان سۈرىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالادىن بىۋاستە 3- شەخس تىلى(ئاپتور تىلى) ئارقىلىق بايان قىلىنغان.

ئۈچ شەخس تىلى تەڭ ھالەتتە قوللىنىلغان سۈرىلەردىن مىسال ئۈچۈن «بەقەرە» سۈرىسىدىن بىر قىسىم ئايەتلەرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى: 1- شەخس (بىرلىك): **''ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن، مەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇرمەن. ناھايىتى مېھرىباندۇرمەن''** (160-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)؛ 1- شەخس(كۆپلۈك): **''بىز مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋرات) بەردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارقىمۇئارقا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتتۇق، مەريەم ئوغلى ئىساغا مۆجىزىلەر بەردۇق''**( 87- ئايەتنىڭ بىرقىسمى)؛ 2-شەخس(بىرلىك): **''سەن ئەھلى دوزاخ( يەنى كۇپپارلاردىن ئىمان ئېيتمىغانلار) توغرىسىدا جاۋابكار ئەمەسسەن''**(119-ئايەتنىڭ بىرقىسمى)؛ 2- شەخس(كۆپلۈك): **''نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار''**(43- ئايەت)؛ 3- شەخس(بىرلىك): **''ئۇ مۇگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ''**(255- ئايەتنىڭ بىرقىسمى)؛ 3- شەخس(كۆپلۈك): **''ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال-مۈلۈكتىن(خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ''**(3- ئايەت).

«بەقەرە» سۈرىسىدە ئۈچ شەخس تىلى ۋە ئۇنىڭ بىرلىك ھەم كۆپلۈك تۈرى ئارىلاش ھالەتتە قوللىنىلىسمۇ، ھېچقانداق مەنتىقسىزلىق، لوگىكسىزلىق شەكىللەنمىگەن بەلكى چۈشىنىشلىك، ئېنىقلىق دەرىجىسى يەنىلا يۇقىرى بولغان.

«قۇرئان كەرىم»دىكى بايان تىلىنىڭ ئۆزگىچە ھالەتتە بولۇشىدىنمۇ، بىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ۋە ئايرىم سۈرىلىرىدىن قانداق ژانىرغا تەۋە ئىكەنلىكىگە باھا بېرىشكە ئامالسىز قالىمىز. تىلىنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى ۋە مەزمۇنىدىن شېئىر، پروزا، نەسىر ياكى ماقالە دېيەلمەيمىز. پەقەت ئوخشىشى، تەڭدىشى يوق ئەسەر دېيىشكە مەجبۇر بولىمىز. ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئەدەبىيات ئىلمىنىڭ ھەرقايسى پەن تۈرى ۋە يېزىقچىلىق شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىنى «قۇرئان كەرىم»دىن تېپىش مۇمكىن. بۈيۈك كالامنىڭ بەزى بىر قىسىم سۈرىلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا قۇرۇلما ۋە شەكىل جەھەتتىن بەزىلىرى شېئىردەك ، بەزىلىرى ھېكايە قىسسىدەك، بەزىلىرى نەسىردەك يەنە بەزىلىرى مۇھاكىمە ماقالىسىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. مەسىلەن: 112-سۈرە «ئىخلاس»، 113-سۈرە«فەلەق»، 114-سۈرە «ناس»لارنى شېئىردەك، 12- سۈرە«يۇسۇف»نى ھېكايە ياكى قىسسىدەك، 100-سۈرە«ئادىيات»نى نەسىردەك، 55-سۈرە«رەھمان»نى مۇھاكىمە ماقالىسىدەك ھېس قىلىمىز. بۇ پەقەت بۇ سۈرىلەرنىڭ شەكىل جەھەتتىكى قۇرۇلمىسىغا قارىتا ئېيتىلغان ھۆكۈم. ئەمما شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، بۇ سۈرىلەرنىڭ مەزمۇنىدەك مەزمۇننى ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق مەخلۇقات مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئەدىب، يازغۇچىلار پەقەت «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە-ئايەتلەرنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى يېزىقچىلىق ئىلمىدا ئۆرنەك قىلالىغان.

### 2) ئوبرازلىق تىل

«قۇرئان كەرىم» تىلىنىڭ ئوبرازلىق بولۇشىمۇ، كالامنىڭ تىل جەھەتتىكى يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىنى نامايان قىلغان. «قۇرئان كەرىم» تىلىنىڭ ئوبرازلىق ھالەتتە ئىپادىلىنىشى كىتابخان ۋە ئوقۇغۇچىلاردا، كالامغا بولغان كۈچلۈك سۆيۈنۈش ھاسىل قىلىدۇ. تىلىنىڭ ئىنتايىن ئوبرازلىق، جۇشقۇن، جانلىق ئىپادىلىنىشى «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەدىئىي قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مول ئەدەبىي پۇراقلا ئىگە قىلغان. مەسىلەن: **"ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز(سىيا) بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز(نىڭ سىياسى) قوشۇلغان تەقدىردىمۇ ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى (يېزىپ) تۈگەتكىلى بولمايدۇ"** {سۈرە «لوقمان»(31- سۈرە)، 27- ئايەت}.

بۇ ئايەتتە، ئاللاھ تائالا ھېكمىتىنىڭ چەكسىزلىكى ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق كۆرسىتىلگەن. ئايەت تىلى بىزگە ئېنىق چۈشەنچە بېرىپ، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت-كامالى، كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە چەكسىزلىكى ۋە ئۈزۈلۈپ قالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇنداقلا، مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم»گە بولغان تونۇشىمىز، چۈشەنچىمىزنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھنىڭ ھېكمەتلەر بىلەن تولغان سۆزىنىڭ بىر قىسمى، يىغىنچاقلىنىشى ياكى دېڭىزدىن تامچە ھالەتتىكى يارقىن ئىپادىلىنىشى ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ. شۇنداقلا كۆڭلىمىزدە ئۆزىنىڭ چەكسىز كەتكەن سۆزىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلماي، بىزنى قىيىن ئىشلارغا دۇچار قىلمىغان «قۇرئان كەرىم» ئارقىلىقلا بىزنى كۇپايىلەندۇرگەن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ- سانالار ئېيتقۇزىدۇ.
**"شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ**

**ئەڭ يامىنى(ھەقنى ئاڭلىماي)گاس بولۇۋالغان، (ھەقنى سۆزلىمەي) گاچا بولۇۋالغان، (ياخشى-يامانىنى پەرق ئەتمەي)ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر"** {سۈرە «ئەنفال»(8- سۈرە)، 22-ئايەت}. بۇ ئايەت تىلىمىز ئوبرازلىق ھالەتتە ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئايەتنىڭ كىشىلەرگە بولغان تەسىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئۈنۈملۈك رول ئوينىغان. ئايەت ئېيتىلىش سوستاۋىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىمۇ كەسكىنلىك تۈسى بېرىپ، كىشىلەر ئېڭىدا جىددىي ئويلىنىش ھاسىل قىلىپ، ئۆز سالاھىيتى، مەيدانىنى مۆلچەرلەش، باھالاپ بېقىش خاھىشى شەكىللىنىدۇ. ئايەتتە يەنە تەنە قىلىش پۇرىقىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ئاچچىقلىنىش، غەزەپلىنىش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. قىسقىسى، يۇقىرىقى ئىككى ئايەت تىلىنىڭ ئوبرازلىق بولۇشى، كىشىلەرنىڭ ئايەتكە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى جىددىي ئويلىنىشقا، تەپەككۇر قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

**3) تىلىنىڭ ئۆتكۈر، جانلىقلىقى**

«قۇرئان كەرىم» تىلىنىڭ ئۆتكۈر، جانلىق ھالەتتە ئىپادىلىنىشىمۇ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان. «قۇرئان كەرىم» تىلىنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى مۇنۇ ئايەتلەردىن ھېس قىلىۋېلىش مۇمكىن: **"سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەرقانچە گەدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن"** {سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (17-سۈرە)، 37-ئايەت}.

بۇ ئايەتتە قوللىنىلغان تىل ئىنتايىن ئۆتكۈر ھالەتتە ئىپادىلەنگەن بولۇپ، كىشىلەرنى كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ھەر ۋاقىت بەندىلىك سالاھىيتىنى ئۇنتۇماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئايەت تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ئايەتنىڭ پەندى-نەسىھەت بېرىش خاراكتېرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، كىتابخانلار قەلبىدە كۈچلۈك چۆچۈش، خىجىل بولۇش خاھىشى پەيدا قىلىدۇ. **"توغرا يولدىن چىققۇچىلار جەھەننەمگە ئوتۇن بولىدۇ"** {سۈرە «جىن» (72-سۈرە)، 15- ئايەت}.

بۇ ئايەت تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ئايەتنى سۈرلۈك تۈسكە ئىگە قىلىپ، كىتابخانلاردا قورقۇش، ھودۇقۇش پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئايەتنى ئوقۇغان ياكى قۇلىقى بىلەن ئىشتكەن كىشىدە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي، چىن ئىنسانلىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان- بولمىغانلىقىنى باھالاپ، مۆلچەرلەپ بېقىش خاھىشى شەكىللىنىدۇ. ئەگەر توغرا يولدىن ئازغۇچى بولسا، دەھشەتلىك كۆيۈۋاتقان دوزاخقا خۇددى ئوتۇن پاراسلاپ، يالقۇن ئېلىپ كۆيگەندەك ئۆزىنىڭمۇ كۆيىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، تېنى جىغىلداپ، كۆزئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ. شۇ چاغدا ئاللاھ ھىدايەت بەرسە، دەرھال تەۋبە قىلىپ، ھەقىقەتكە(توغرا يولغا) ماڭغۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، بىر قانچە سۆزدىنلا تۈزۈلگەن بۇ ئايەت تىلى تولىمۇ ئۆتكۈر، جانلىق ھالەتتە ئىپادىلەنگەن، مۇشۇ بىر ئايەتلا بىر ئىنساننىڭ ئۆز سۆپەت، تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېلىشىغا سەۋەبچى بولۇشى ئەقەللىي ئىش، ئەلۋەتتە.

يۇقىرىقى ئىككى ئايەتتىنلا بىز «قۇرئان كەرىم» تىلىنىڭ ئۆتكۈر، جانلىقلىقتا ۋايىغا يەتكۈزۈلگەن پىشقان تىل ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

**4) تىلىنىڭ ئىخچام، ئېنىق، مېغىزلىق بولۇشى**

«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئىنتايىن ئىخچام، ئېنىق، مېغىزلىق ھالەتتە ئىپادىلەنگەن، ئايەتلەر بىر قانچە سۆزدىنلا تۈزۈلسىمۇ، ئەمما ئىپادىلىگەن مەزمۇنىنىڭ ئىنتايىن كەڭ دائىرىدە بولۇشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى بەزىلىرى بىرلا سۆزدىن، بەزىلىرى بىرقانچە سۆزدىن تۈزۈلگەن. سۆزلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە قۇراشتۇرۇلۇشىدا بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىر-بىرىنى تەستىقلاپ ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلى بويىچە تەرتىپلىك ھالەتتە باغلاشتۇرۇلۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كەم بولۇپ قالغان ياكى ئارتۇق بولۇپ قالغان، ئېلىۋەتسىمۇ بولىدىغان، قوشۇپ قويسىمۇ بولىدىغان سۆز ياكى ئايەت مەۋجۇت ئەمەس. «قۇرئان كەرىم» تىلىنىڭ ئىخچام، ئېنىق، مېغىزلىق بولۇشى كالامۇللاھنىڭ 10 نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزگەرتىلمەي، ئەسلى ھالىتى بىلەن ساقلىنىپ كېلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى. مەسىلەن: **"ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر"** {سۈرە «تۇر» (52-سۈرە)، 21-ئايەت}.

بۇ ئاددى جۈملە شەكلىدىكى ئايەت بۆلىكى ئالتە سۆزدىنلا تۈزۈلگەن، ئەمما ئىپادىلىگەن مەزمۇن ئىنتايىن كەڭ دائىرىدە بولۇپ، بۇ بىر ئايەت ئارقىلىقلا بىز تۆۋەندىكىدەك پەلسەپىۋى ئىدىيىنى ھېس قىلالايمىز. ھەرقانداق بىر ئادەم ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، بىر ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، ئاللاھ بۇيرۇغان بارچە ئىشنى بەجا كەلتۈرۈشى، ئاللاھتىن قىلچىلىكمۇ گۇمانلانماسلىقى ۋە ئاللاھنىڭ مۆھەممەد

ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق نازىل قىلغان ۋەھيىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشى كېرەك، ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ، ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ بەخت-سائادىتىنى، ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ، يەنى ئاللاھ تائالا ئۆزى ئېيتقاندەك: **"ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ"**{سۈرە «نەجم» (53- سۈرە)، 39-ئايەت}.

**"ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ"**{سۈرە «مائىدە» (5-سۈرە)، 6-ئايەتنىڭ بىر قىسمى}.

بۇ تۆت سۆزدىن تۈزۈلگەن ئاددى جۈملە ھالىتىدىكى ئايەت بۆلىكى شەكىل جەھەتتىن ئىخچام ھالەتتە بولسىمۇ، ئەمما ئىپادىلىگەن مەزمۇن ئىنتايىن كەڭ دائىرىدە بولغان. بۇ ئايەت بۆلىكىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، بىز ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت - كامالىنى چىن دىلىمىز بىلەن ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئاللاھنىڭ بىز ئىنسانلارغا قىلغان ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز مېھىر-شەپقىتىنى ھېس قىلىمىز. كونكرېتنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئاللاھ تائالانىڭ بىز ئىنسانلارغا ئاتا قىلىپ بەرگەن ئاسايىشلىق تۇرمۇش ۋە ھەرخىل نېمەتلىرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئاللاھ بىزگە پايدىلىنىش ئۈچۈن كەڭرى تەبىئەت دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. تەبىئەتتىكى تۈرلۈك تۈمەن ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلارنى ئىستېمال قىلىشىمىزغا ۋە پايدىلىنىشىمىزغا بۇيرۇپ بەردى. دەرىجىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ زېمىننىڭ خەلىپىسى قىلدى. بىز دەسسەپ تۇرغان تۇپراق، ئىستېمال قىلىۋاتقان نەرسىلەر، نەپەسلىنىۋاتقان ھاۋانىمۇ بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىلدى. دېمەك، زېمىندىكى بارچە شەيئى ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان نېمەت، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئىلتىپات قىلغان ئاسايىشلىقنىڭ ئىپادىلىرى. ئاللاھ ئىنسانلارنى ھەرگىزمۇ جاپا-مۇشەققەت ئىچىگە قويمىغان. ئاللاھ بىزنى ئات، ئېشەك بىلەن ئالماشتۇرۇپ ياراتقان بولسا قانداقمۇ قىلاتتۇق؟ شۇنچە نېمەت، ئاسايىشلىق ئاتا قىلىپ بەرگەن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ- سانالار ئېيتمىساق قارا يۈز بولمايمىزمۇ؟ يۇقىرىقى تۆت سۆزدىن تۈزۈلگەن ئايەت بۆلىكى بىزنى مانا شۇنداق مۇلاھىزىلەرگە قويىدى. بۇ ئايەت بۆلۈكىنىڭ ئىنتايىن ئىخچام، مېغىزلىق ھالەتتە بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، ئەلۋەتتە.

دېمەك، تىلىنىڭ ئىخچام، مېغىزلىق بولۇشى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەرقايسى سۈرە-ئايەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ ئىنسان ئەقلىنى تاڭ قالدۇرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىكى سۆز-ئىبارىلەرنىڭ ئىخچاملىنىش دەرىجىسى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئارتۇق ياكى كەم بولۇپ قالغان سۆز ياكى ھەرپ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. سۆزلەرنى چىقىرىۋېتىش ياكى قوشۇپ قويۇش مۇمكىن ئەمەس. ئايەتلەرنىڭ شەكىل جەھەتتىن ئىخچاملىقى، تىلىنىڭ راۋانلىقى بىزگە خۇددى ماقال-تەمسىللەردەك تۇيغۇ بېرىدۇ. شۇڭىمۇ، «قۇرئان كەرىم» سۈرە-ئايەتلىرىنى تېزلا يادلىۋېلىش، ئەستە تېز ساقلىۋېلىش ئاسان توختايدۇ.

### 5) دىئالوگ تىلى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپىنچە ئايەتلىرى بايانى جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. «قۇرئان كەرىم»دە يەنە دىئالوگ تىلىمۇ ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شۇ نەرسە ئېنىقكى، دىئالوگ تىلى يەنىلا ئاللاھ تەرىپىدىن بايان قىلىنغان بايانى ئۇسۇلغا بويسۇندۇرۇلغان. دىئالوگ سۆز-ئايەتلىرىنىڭ سوستاۋىمۇ يەنىلا ئاللاھتىن ئېيتىلغان سۆز-ئايەتلەرگە بېقىنىپ، ئېيتىلىش ئۇسلۇبىغىمۇ ماسلاشقان. مەسىلەن: **"ئاللاھ (ئىبلىسقا): 'سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ' دېدى. ئىبلىس: 'مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ' دېدى. ئاللاھ (ئىبلىسقا) ئېيتتى: 'سەن بۇ يەردىن (يەنى جەننەتتىن) چۈشۈپ كەت، بۇ يەردە ئۆزەڭنى چوڭ تۇتۇشۇڭغا بولمايدۇ، يوقال، سەن ھەقىقەتەن پەسكەشلەردىنسەن'. ئىبلىس: 'ماڭا كىشىلەر قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) مۆھلەت بەرگىن' دېدى. ئاللاھ: 'ساڭا مۆھلەت بېرىلدى' دېدى. ئىبلىس ئېيتتى: 'سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن'"**{سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە)، 12—16-ئايەتلەر}.

بۇ ئاللاھ تائالا بىلەن ئىبلىس ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگ بولۇپ، ئىبلىسنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى، كۈشەندىسى ئىكەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ يامان يوللارغا مېڭىپ، يامان ئىشلارنى قىلىشى ئىبلىسنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن بولىدىغانلىقى، شۇڭا ئىنسانلارنىڭ ئىبلىستىن ھەزەر ئەيلەپ ئەڭ توغرا بولغان يول— ئىسلام يولىغا مېڭىشى لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بۇ كۆزقاراشنى توغرىدىن-توغرا بايان جۈملە بىلەن ئىپادىلىمەي، دىئالوگ تىلى بىلەن بايان قىلغان. بۇ ئايەتلەرنىڭ دىئالوگ تىلى بىلەن بېرىلىشى

مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ جانلىقلىقىنى ئاشۇرۇپ، تەسىر قىلىش كۈچىنى كۈچەيتكەن. كىشىلەرگە ئىبلىسنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى، يىرگىنچلىك ئوبرازىنى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئېچىپ بەرگەن. ئەگەر بۇ بايانلار دىئالوگ تىلى بىلەن بېرىلمەي، بايانى شەكىل ۋە ئۇسۇل بىلەن بېرىلگەن بولسا ئىدى، ئىبلىسنىڭ ئاللاھ بىلەن قارشىلىششتەك ئىپلاس ماھىيىتىنى بىز تېزلا چۈشىنىپ كېتەلمىگەن بولاتتۇق. ئىبلىسقا بولغان غەزەپ-نەپرىتىمىز، ئۇنىڭ خۇنۇك، رەزىل ماھىيىتىگە بولغان يىرگىنىشىمىز بۇنچىۋالا چوڭقۇر بولمايتتى. **''ئىبراھىمنىڭ ئايالى سۈرەن سېلىپ كېلىپ(ئەجەبلەنگەنلىكىدىن ئۆزىنىڭ) يۈزىنى كاچاتلاپ:'مەن تۇغماس موماي تۇرسام(قانداق تۇغىمەن؟)' دېدى. ئۇلار:'پەرۋەردىگارىڭ شۇنداق دېدى. ئۇ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر' دېدى''**{سۈرە «زارىيات» (51- سۈرە)، 29-، 30-ئايەتلەر}.

بۇ ئايەتلەردە بېرىلگەن دىئالوگ يەنىلا ئاللاھتىن بېرىلگەن بايانى تىلغا بېقىندۇرۇلۇپ ئىپادىلەنگەن. بۇ دىئالوگلاردا، ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزىنى تىلغان ئېلىپ ئۆتكەن. بۇ دىئالوگ تىلى جانلىق ھالەتتە ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ روھىي ھالەتلىرى دىئالوگ تىلىدىنلا چىقىپ تۇرىدۇ. بىز بۇ دىئالوگ شەكلى بېرىلگەن ئايەتلەردىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالىنىڭ تۇيۇقسىز ساراسىمىگە چۈشكەنلىكىنى، ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش ئىلكىدە جىددىيلەشكەنلىكىنى، پەرىشتىلەرنىڭ بولسا، سالماق، تەمكىن ھالەتتە خوجىسى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. دېمەك، بۇ ئايەتلەردىكى دىئالوگ تىلى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ئوبرازىنى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىشتە ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلغان. بىز بۇ دىئالوگ تىلى بېرىلگەن ئايەتلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى، سۆزلەۋاتقاندىكى قىياپەتلىرى كۆز ئالدىمىزغا كەلگەندەك بولىدۇ. بۇ يەنىلا دىئالوگ تىلىدا بېرىلگەن ئايەتلەرنىڭ سېھرىي كۈچى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەت بىلەن ئۆز سۆزىنى بايان قىلغانلىقى، ئەلۋەتتە.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئىشلىتىلگەن تىلنىڭ ئالاھىدە مۇكەممەل ۋە پۇختىلىقىنى، تىلنىڭ يەنە تاللىنىشچان، مۇنتىزىمچانلىقىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرىلىقىنى بايقايمىز. (داۋامى بار)

(ئاپتور. گۇچۇڭ ناھىيىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## ئىسىر ھالقىغان ئۆمۈر جۇلبانلىرى

**يەكەن** ناھىيىسى ئېلىشقۇ بازار 10-كەنت 1-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئايزىمخان مېھمان 1882-يىلى مەكىت ناھىيە غاز كۆل يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ بەش پەرزەنتى، 18 نەۋرىسى، 7 ئەۋرىسى بار. ھازىر ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ناھايىتى ياخشى، ئاڭلاش سېزىمىمۇ نورمال ئىكەن. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، يېقىندا ئۇنىڭغا يېڭىدىن 6 تال ئېزىق چىش چىققان. ئايزىمخان مېھمان كىچىكىدىن باشلاپلا ئىشچان، خۇشچاقچاق ئايال بولۇپ، كۆڭلى-كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ، ئۇرۇغ-تۇغقان، قولۇم-قوشنىلار بىلەن ئىجىل-ئىناق ئۆتكەن، كۆپ ھاللاردا پىيادە يول ماڭغان. جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. ئايزىمخان مېھمان ھازىرمۇ بەش ۋاق نامىزىنى ۋاقتىدا ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالايدىكەن؛ قوناق تامىقى، يېڭى سەي-كۆكتات، مېۋە-چېۋىگە ئامراق ئىكەن (ئۆمەرجان مۇھەممىدى)

**مارالبېشى** ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا ئۆستەڭبويى 18-كەنت 2-مەھەللىدىكى 103ياشلىق تىللاخان چوڭئانا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن يەنىلا ساغلام ياشاۋاتىدۇ. ئۇ تېز ئاچچىقلانمايدىغان، ئەرزىمەس ئىشلارغا ئاسان چېچىلمايدىغان، باشقىلارنىڭ ئۇششاق ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ ئۇلاردىن دائىم قۇسۇر ئىزدىمەيدىغان، باشقىلارغا قالايمىقان باھا بېرىپ، ئۇلاردىن نارازى بولۇپ يۈرۈيدىغان ئىللەتلەردىن ياش چېغىدىن باشلاپلا يىراق بولۇپ، ئۇششاق ئىشلارغا ئارتۇق غەم قىلىپ پەرىشان بولۇپ يۈرمىگەن، كەمتەر، خۇشخۇي مىجەزىنى ساقلاپ كەلگەن. ئۇ بالدۇر يېتىپ بالدۇر قوپۇش، 3 ۋاق تاماقنى ۋاقتىدا يېيىش، كۆكتات، مېۋە-چېۋىلەرنى كۆپرەك يېيىشنى، تاماقتىن بۇرۇن، تاھارەتتىن كېيىن قول قويۇش، ھەپتىدە 2 قېتىم چوقۇم يۇيۇنۇش قاتارلىقلارنى دائىملىق ئادەتكە ئايلاندۇرغان. ئۇ ئۆمرىدە 2 قېتىم توي قىلغان، 16 پەرزەنت كۆرگەن، ھازىر 8 پەرزەنتى ھايات بولۇپ، بەزىسى 70، 80 ياشلىق بوۋاي، مومايلارغا ئايلاندى. ھازىر ئۇنىڭ 16 نەۋرىسى، 60 ئەۋرىسى بار. (ئابدۇرەھمان ئىسمائىل)

# كەلگۈسنى كۆزلەيلى

ئابدۇكېرەم قارى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك مۇسۇلمانلار!

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىنسان بۇ دۇنياغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ. كىچىكىدە ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولۇپ، ئەقىل يېشىغا توشقاندىن كېيىن كۆڭلىگە نۇرغۇن ئارزۇ-ئارمانلارنى، شېرىن خىياللارنى پۈكىدۇ. ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يېتىش، پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تۈرلۈك ئىسسىق-سوغۇقلارنى، جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئاخىرىدا بەزى ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يەتكەن بولسىمۇ، يەنە بەزى پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتى تولىمۇ چەكلىك ۋە بەكمۇ قىسقا، ئىنتايىن قىممەتلىك. ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس يۈكسەك نىشانى، ئالىي غايىسى بولىدۇ. يۈكسەك نىشان، ئالىي غايىمىزگە يېتىشىمىز ئۈچۈن ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان سەۋەپلەرنى ئىشلىتىپ، تەبىئەتتىن (شۇنداقلا ئۆز تەبىئىتىمىز ۋە ئەقلىمىزدىن) تولۇق پايدىلانساقلا كەلگۈسىمىز مۇۋاپپەقىيەتلىك بولىدۇ.

مەلۇمكى ئىنسانلارنى كۈتۈپ تۇرغان ئىككى كەلگۈسى بولۇپ، بىرى، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى كەلگۈسى، يەنە بىر ئاخىرەتتىن ئىبارەت كەلگۈسىدۇر. بىز مۇسۇلمانلار ھەر ئىككى كەلگۈسىمىزگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

## 1. دۇنيا ھاياتىدىكى كەلگۈسىمىز

ھەممىگە مەلۇم، ئىنسان بۈگۈنكى كۈنى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بۇ دۇنيا ھاياتىدىكى كەلگۈسى ئۈچۈن ياشىشى كېرەك. چۈنكى ئىنسان بۈگۈنكى رىئاللىقا ئەسلا رازى بولمايدۇ، ئەگەر بۈگۈنكى رىئاللىق ياخشى بولسا ئۇنى تېخىمۇ ياخشىلاشقا، ئەگەر يامان بولسا ئۇنى ياخشىغا ئايلاندۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ، دائىم كەلگۈسىگە كۆز تىكىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدۇ. شۇڭا كەلگۈسىمىزنى ياخشىلاش ئۈچۈن بىزدە ئالىي تەپەككۇر، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بولۇشى كېرەك. تەپەككۇر دېگەن ھەرىكەت، ھەرىكەت ھاياتلىق دېمەكتۇر. ھەرىكەت قىلماي بىر خىل ھالەتتە تۇرىۋېلىش يوقىلىش دېمەكتۇر. ئىسلام دىنى ھەر ئىككى دۇنيالىقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە كەلگۈسىگە ئىنتىلىشكە چاقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ”**ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا(يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ) ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار**“{سۈرە«جۇمۇئە»(62-سۈرە)، 10-ئايەت}.

يۇقىرىقى ئايەتتىن مەلۇمكى، ئىسلام دىنى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشىكىنى چوڭ ئېچىۋەتكەن. روھنى ئۇرغىتىپ، كىشىلەرنى كەلگۈسىدىكى بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش يولىدا ئىزدىنىشكە ئىلھاملاندۇرغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”**ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن**“{سۈرە«قەسەس»(28-سۈرە)، 77-ئايەت}.

ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە بەرگەن نېسىۋىگە ئېرىشىپ،

كەلگۈسىمىزنىڭ پارلاق بولۇشى ئۈچۈن بىزدە مۇنداق ئۈچ نەرسە يەنى بىرىنچىدىن، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش ئېڭى؛ ئىككىنچىدىن، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك ئېڭى؛ ئۈچىنچىدىن، توغرا بولغان رىقابەت ئېڭى بولۇشى كېرەك.

1) ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. مەيلى بىزنىڭ دىنىي ئالىملىرىمىز بولسۇن ياكى پەيلاسوپلىرىمىز بولسۇن ”ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت“ دېگەنىدى. چۈنكى ۋاقىت بىلەن ئالتۇن يىغنۋالغىلى بولىدۇ، ئەمما ئالتۇن بىلەن ۋاقىت يىغقىلى بولمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ۋاقىتنىڭ كېتىشى بەختنىڭ كېتىشىدۇر. ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە خاس ۋاقتى بولىدۇ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە قايتا كەلمەيدۇ، ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ. ۋاقىتنى سائەت ئىستىرېلكىسى بىلەن ئىپادىلىگىلى بولغان بىلەن كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدۇ. ئەمما ئىنسان بۇ ۋاقىتنى ئۆچمەس ئىزلار، كۆمۈلمەس تۆھپىلەر بىلەن ئىپادىلىيەلەيدۇ. شۇڭا ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت. چۈنكى ئىنسان ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن يەرگە چۈشۈشى بىلەن تەڭ بۇ دۇنيانىڭ ھاۋاسىدىن نەپەس ئالىدۇ. ئاشۇ ئىنسان(بوۋاق)نىڭ بىر تىنىق نەپەس ئېلىشى ئۈچۈن بىر سېكونت ۋاقىت كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ بۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ، بۇ ھاياتنى باشتىن باشلاش مۇمكىن بولمايدۇ(خۇددى پىستان چېقىلغاندىن كېيىن ئېتىلىپ چىققان ئوقنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمىغاندەك). ئۇ ئەقىل يېشىغا توشقاندىن كېيىن دۇنيا ۋە ئاخىرەت مەنپەئەتلىرىنى ئۆزىگە يىغىشقا تىرىشىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلىم-مەرىپەت، ھۈنەر-سانائەت ئىگىلىسە، كەلگۈسىدە ئۆزى ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن قىممەتلىك بايلىق ۋە ئىمتىيازلارنى يارىتالايدۇ. ئەكسىچە بۇ ئىنسان ئىلىم-ھۈنەر ئۆگىنىش يېشىدىكى ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتسە ئۇنىڭ يېشى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چوڭىيىۋېرىدۇ، ۋاقىت ئۇنىڭ ئۈچۈن ساقلاپ تۇرمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان كەلگۈسىنى، كەلگۈسى ئۈچۈن ھازىرنى چىڭ تۇتۇشى لازىم. كائىنات بىنا بولغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە قۇياش ئۆزىنىڭ ئىللىق نۇرىنى يەر شارىغا سېخىيلىق بىلەن چېچىۋاتىدۇ. قۇياش ھارارىتىدىن ئىللىغان ھەر بىر جان ئىگىسىدىن ئاشۇ قۇياشنى ياراتقان زات ئۇنىڭ قۇياشتىن پايدىلانغان ۋاقتى ئۈچۈن ھېساپ ئالىدۇ. ھېساب بېرىش جەريانىدا بۇ ئىنسان ئاشۇ قىممەتلىك ۋاقىتنى زايە قىلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ-يۇ، لېكىن ئاللىقاچان كېچىككەن بولىدۇ. دېمەك، ھاياتلىقنىڭ ھەر بىر قانۇنىيىتى مانا مۇشۇ بويىچە ھېسابات قىلىنىدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئىنسان ئەقىل يېشىغا توشقان ھامان بۇ دۇنياغا كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى، بۇنى چۈشەنگەن ھامان ئۆزىنى ھاياتلىققا ئىگە قىلغان زات ئاللاھ ئۈچۈن ھايات مۇساپىسىدىكى ھەر بىر مىنۇت ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، قىممەتلىك ھايات مۇساپىسىنى ئەڭ ئىلغار نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىشى لازىم.

2) پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك لازىم. پۇرسەت ھەمىشە كەلمەيدۇ، غىل-پال كېلىدۇ-يۇ كېتىپ قالىدۇ. ئىقتىساد يەر شارىلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە پۇرسەت بىلەن خىرىس تەڭلا مەۋجۇت بولسىمۇ، پۇرسەت يەنىلا خىرىستىن كۆپ. بۇ پەقەت پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مۇۋاپپەقىيەت قازىنىشقا تىرىشىدىغان كىشىلەرگىلا خاس. شۇنىڭ ئۈچۈن نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك ئېڭىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ئىككى نېمەت بار، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىككى نېمەتنىڭ قەدرىگە يەتمەي زىيان تارتىپ قالىدۇ: ئۇ بولسىمۇ تەننىڭ ساغلاملىقى ۋە بوش ۋاقىت“** (بۇخارى رىۋايىتى). دېمەك، ئىنسان ھەر قانداق بىر ئىشنى بەجا كەلتۈرۈشتە تەننىڭ ساغلاملىقى ۋە كۆڭۈلنىڭ خاتىرجەملىكىگە موھتاج. تېنى ساغلام، كۆڭلى خاتىرجەم ۋاقىتتا بۇ نېمەتنىڭ قەدرىگە يەتمەي زايە قىلىۋەتسە ئاخىرىدا ھەسرەت-نادامەت چەكمەكتىن باشقا ئىش يوق. تىرمىزى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىگە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: **”بەش ئىشنى بەش ئىش كېلىشتىن ئىلگىرى غەنىمەت بىلگىن: قېرىشتىن ئىلگىرى ياشلىقىڭنى غەنىمەت بىل؛ كېسەل بولۇشتىن ئىلگىرى تېنىڭنىڭ ساغلاملىقىنى غەنىمەت بىل؛ كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى بايلىقىڭنى غەنىمەت بىل؛ بىر ئىشقا كاشىلا بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى بوش ۋاقتىڭنى غەنىمەت بىل؛ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ھاياتلىقىڭنى غەنىمەت بىل“**. يۇقىرىقى ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىش، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن جانلىق، ئوبرازلىق بايان قىلغان.

3) توغرا بولغان رىقابەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش لازىم

توغرا بولغان رىقابەت دېگىنىمىز، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە تاجاۋۇز قىلمىغان ئاساستا رىقابەتلىشىش دېمەكتۇر. كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ ئاچقۇچىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن رىقابەتكە قاتنىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

رىقابەتكە قاتنىشىشقا زور كۈچ سەرپ قىلالىساقلا ئاندىن كەلگۈسى ئىستىقبالىمىز پارلاق بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، رىقابەت جەريانىدا مەلۇم ئۇگۇشسىزلىقلارغا يولۇقۇشىمىز مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ بەل قويۇۋەتمەي، جەڭگىۋار روھ بىلەن كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىشىمىز لازىم. چۈنكى دەسلەپكى مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مۇقەددىمىسى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: " **رېئال ھاياتتا ئوڭۇشسىز شارائىتنىڭ جەۋر-جاپاسىغا بەرداشلىق بېرەلىگەن ئادەم جەۋر-جاپانىڭ ئازابلىشىدىن قېچىپ ئۆزىنى چەتكە ئالغان ئادەمدىن كۆپ ياخشىدۇر**"(ھەدىس شەرىف). جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، دەۋر ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. بىز دەۋرىنىڭ دولقۇنىغا، تارىخنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ماسلاشماي بىر ئىزىمىزدا توختاپ قالساق، ئالغا ئىنتىلمىسەك، ئاقىۋىتىمىز مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ(خۇدا ساقلىسۇن)، بىز ئاللاھ رازى بولىدىغان يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلىسەكلا ھەممە ئىشىمىز چوقۇم ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، ئىنشائاللاھ.

قىسقىسى، بىز مۇسۇلمانلار ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، توغرا بولغان رىقابەتكە قاتنىشالىساق دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، ھالىلىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش تەلپىگە ئۇيغۇنلىشالايمىز.

## 2. ئاخىرەتنىكى كەلگۈسىمىز

ئاخىرەت دېگىنىمىز — بۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىككىنچى بىر ھاياتلىققا قەدەم قويغانلىقىمىزدىن ئىبارەت بولۇپ، مۇتلەق يوقلىش ئەمەس. ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالا بارلىق ئىنسانلارنى مەھشەرگاھتىن ئىبارەت ئوچۇق سوت مەيدانىغا يىغىدۇ. بۇ كۈندە ھەر بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ دۇنيادا قىلغان قىلمىشىغا يارىشا مۇكاپاتلىنىدۇ ياكى جازالىنىدۇ. بۇ كۈندە پەقەت ھېچكىمگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ(يەنى گۇناھى كۆپەيتىلىپ، ساۋابى ئازايتىلىدىغان ئىش بولمايدۇ)، ھەر بىر ئىنساننى مۇكاپاتلاش ياكى جازالاشتا پاكىت ئاساس، قانۇن ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ. "**پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇزۇرىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ. ئۇ كۈندە ھېچبىر ئىنسانغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ، سىلەرگە پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ**" {سۈرە«ياسىن»(36-سۈرە)، 53-، 54-ئايەتلەر}. شەك-شۈبھىسىزكى ئاللاھ ئىنسانلارنى قايتا تىرىلدۈرىدۇ، ھەممىمىز چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا بارىمىز. مانا بۇ ئاخىرەتنىڭ باشلىنىشى. ئاخىرەت مەڭگۈ بولىدۇ، ئاخىرلاشمايدۇ. ئۇ كۈندە ئاللاھ كىشىلەرنىڭ بۇرۇن قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىگە قاراپ ھۆكۈم ئېلان قىلىدۇ. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلار ئاخىرەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىمىز ھەم ئاخىرەتكە موھتاج. مانا بۇ بىزنىڭ ئاساسىي ئېتىقادىمىزنىڭ بىر قىسمى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئىنسانلارنىڭ ئاخىرەتتىكى تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدىغانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ. "**كۇپپارلار: 'بىزگە قىيامەت كەلمەيدۇ' دەيدۇ. ئېيتقىنكى: 'ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، قىيامەت سىلەرگە چوقۇم كېلىدۇ، ئاللاھ غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررىچاغلىق نەرسە ئاللاھتىن يىراق ئەمەستۇر، ئۇنىڭ(يەنى زەررە)دىن كىچىكرەك نەرسە بولسۇن، چوڭراق نەرسە بولسۇن، لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنمىگىنى يوق. (ئۇلارنىڭ لەۋھۇلپەھپۇزدا خاتىرىلىنىشى) ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر، ئەنە شۇلار مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا ئېرىشىدۇ. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە كۈچىنىڭ بېرىچە قارشى تۇرغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ'**" {سۈرە«سەبەئ»،(34-سۈرە)، 3—5-ئايەتلەر}. ئاخىرەتتە ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئادىل ۋە مېھىر-شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى تولۇق نامايان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلار ئاللاھ يولىدا تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرى ئۈچۈن ئاخىرەتتىن ئىبارەت كەلگۈسى ھاياتتا مەڭگۈ بەخت-سائادەتنىڭ ئۆزىنى ساقلاۋاتقانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىشى كېرەك. ئاللاھ ئۇلارغا مېھرىبانلىق ئاتا قىلىدۇ. قۇرئان بىزگە. رېئال تۇرمۇش بولسا مەڭگۈلۈك ئاخىرەتكە قىلىنغان تەييارلىق، دەپ ئۆگىتىدۇ. ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغان كىشىلەر ئۆلىدىغان (ياكى ئۆلگەن) ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ نەقەدەر ھاماقەت، غاپىل، ئەقىلسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، پۇرسەت تېپىپ، ئۆزگىرىشنى تەلەپ قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئالدىراپ كېچىككەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ ئۆلگەن ۋاقىتتىكى پاجىئەسى ۋە سوئال-سوراق كۈنىدىكى قورقۇنچلۇق ھالىتى ھەم ئاللاھقا ، ئاخىرەتكە سەممىي، سادىقلىق بىلەن ئىشەنگۈچىلەرگە مەڭگۈلۈك مۇكاپات بېرىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ. "**ئۇلارنىڭ(يەنى كۇففارلارنىڭ) بىرىگە ئۆلۈم كەلسە ئېيتىدۇركى: 'پەرۋەردىگارىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن،**

www.uyghurkitap.com

**مەن قويۇپ كەلگەن مال-مۈلكۈم بىلەن ياخشىلىق قىلىشىم مۈمكىن'. (ئۇنىڭ دۇنياغا قايتىشى) مۇمكىن ئەمەس. ئۇ چوقۇم شۇ سۆزنى قىلغۇچىدۇر. ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا(ئۇلارنى دۇنياغا قايتىشتىن توسىدىغان) بىر توسما بولىدۇ. سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بىر-بىرىنىڭ(ئەھۋالىنى) سوراشمايدۇ. تارازىسى ئېغىر كەلگەنلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. تارازىسى يېنىك كەلگەنلەر (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) زىيان تارتقۇچىلاردۇر، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوت كۆيدۈرىدۇ، كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ(بەتچىراي بولۇپ) قالىدۇ"** {سۈرە«مۆئمىنۇن»، (23-سۈرە)، 99—104-ئايەتلەر}. يەنە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، شۈبھىسىزكى، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر"** {سۈرە«بۇرۇج»، (85-سۈرە)، 11-ئايەت}.

ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئاخىرەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىشىنىش ئاخىرەتتە زور مۇكاپاتقا ئېرىشىشنىڭ كاپالىتى بولۇپلا قالماستىن بەلكى بۇ دۇنيادىمۇ تىنچلىق ۋە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى ئاخىرەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىدە تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچان، ئۆز ئىشىغا تېخىمۇ سەممىي سادىق بولىدۇ ھەمدە ئاخىرەتتىن ئىبارەت كەلگۈسىگە تېخىمۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدۇ. "پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە بۇ **دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن"**.

جانابى ئاللاھ بىز مۇسۇلمانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى كەلگۈسىمىزنى كۆزلەيدىغان، كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدىغان، قاتمال، بىكىنمىچىلىككە قارشى تۇرىدىغان مۇسۇلمانلاردىن قىلغاي، ئامىن!

(ئاپتور: يەكەن ناھىيىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى 18-نۆۋەتلىك دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى يىغىنىغا قاتناشتى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** ئىران"دۇنيا ئىسلام مەزھەپلىرىنى يېقىنلاشتۇرۇش دۇنياۋى تەتقىقات مەركىزى"نىڭ باش كاتىپى ئايەتۇللا مۇھەممەد ئالى تەسخىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۇنۇس مالىياگجى ئاخۇن قاتارلىق ئىككى كىشى 2005-يىل 4-ئاينىڭ 17-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى تېھراندا ئۆتكۈزۈلگەن 18-نۆۋەتلىك دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى يىغىنىغا قاتناشتى. مىسىر، سۈرىيە، ئىئوردانىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، لىۋان، ماراكەش، پەلەستىن پاكىستان قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەن ئۆلىما-ئالىملار، دىنىي تەشكىلاتلار رەھبەرلىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان جۇڭگو، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، دانىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئالىملىرى، دىنىي داھىيلىرى بولۇپ 34 دۆلەتتىن 120 نەپەر كىشى بۇ يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئىراننىڭ سابىق زۇڭتۇڭى، ئىران ئالىي تۈزۈلمە ھەيئىتىنىڭ رەئىسى ھاشىم رافسانجانى يىغىن ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىن «ئىسلام مەزھەپلىرىنىڭ يېقىنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىستراتېگىيىسى» دېگەن تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلدى. 4-ئاينىڭ 26-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئىراننىڭ دىنىي داھىيسى بۈيۈك ئايەتۇللا خامىنئىي ۋە باشقا ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىرلىكتە يىغىن ئەھلىنى قوبۇل قىلدى. 4-ئاينىڭ 26-كۈنى چۈشتىن كېيىن يۇنۇس مالىياگجى ئاخۇن سۆزگە چىقىپ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى «قۇرئان كەرىم»، ھەدىسلەردىن دەلىل ئېلىپ چۈشەندۈردى ۋە ناھايىتى ياخشى تەسىر قوزغىدى. يىغىن داۋامىدا يۇنۇس مالىياگجى ئاخۇن ئىران، فىلىپپىن، تۈركمەنىستان، سۈرىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئالىملىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى ياخشى ۋەزىيىتى، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىقنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

# قولۇم-قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش توغرىسىدا

ئىسمائىل ئىبراھىم

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

قولۇم-قوشنىدارلىق كۈندىلىك تۇرمۇشتا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھەر قانداق زامان ۋە ماكاندا دائىم دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن ھەر بىر ئادەمنىڭ قولۇم-قوشنىدارلىققا بولغان كۆزقارىشى ۋە تۇرمۇش ئادىتى، دىنىي ئېتىقاد سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغاچقا كىشىلەرنىڭ قولۇم-قوشنىدارلىق ئادەتلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. لېكىن قولۇم-قوشنىدارلىق قىلىش ھەر بىر ئادەمنىڭ گۈزەل ئەخلاق-پەزىلىتى بولۇپلا قالماستىن بەلكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەر بىر مۇسۇلمان ئالدىدا ياخشى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر مەجبۇرىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ياخشى بولغان قولۇم-قوشنىدارلىق بىزنى ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ساۋابى، شاپائىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا سۈرە«نىسا»(4-سۈرە)نىڭ 36-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: **''ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ھەمراھقا(يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، يانىدىكى مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل-چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار''.**

ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پەرزەنتنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ ساۋاب تاپقانغا ئوخشاشلا ساۋابلىق ئەمەللەرنىڭ بىرى. لېكىن يۇقىرىقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا قولۇم-قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش ھەم ساۋاقداش ۋە سەپەرداشقا ياخشىلىق قىلىشنىمۇ ئەنە شۇ ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق بىلەن بىر قاتارغا ئالغان. شۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، قولۇم-قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشمۇ ئاللاھ ئالدىدا ناھايىتى زور مۇكاپاتقا ۋە زور ساۋابقا ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەللەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بىرلىككە كەلگەن ھەدىستە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) مۇنداق دېگەن: **''جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا ھەتتا مەن ئۇنى قوشنىلارنىمۇ مىراسخور قىلىپ قويارمىكىن دېگەن گۇمانغا كېلىپ قالغۇدەك دەرىجىدە نەسىھەت قىلاتتى''.**

بۇ ھەدىسنىڭ روھىدىن قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشنىلارغا خۇددى ئاتا-ئانىنىڭ بالىلارغا بولغان يېقىنچىلىقىغا ئوخشاش يېقىن بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىس ئارقىلىق بىز مۇسۇلمانلارنى خۇددى بىر ئاتىنىڭ مىراسخورلىرىدەك ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتۈشكە، بىر-بىرىگە مېھرىبان بولۇشقا چاقىرغان.

ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **''ھەي ئەبۇ زەر، ئەگەر سەن شورپا قايناتساڭ سۈيىنى كۆپرەك قىلغىن ۋە قوشنىلىرىڭغا يەتكۈزگىن''.** مانا بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئازراق نەرسە ئارقىلىق بولسىمۇ قوشنىدارلىقنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنى، ئىناقلىقنى كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلغان.

بىرلىككە كەلگەن ھەدىستە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: **''ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۆمىن بولالمايدۇ''** دېگەن سۆزنى ئۈچ

www.uyghurkitap.com

قېتىم تەكرارلىغان، ‹‹كىم مۆمىن بولالمايدۇ؟›› دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ: ‹‹**ئۇنىڭ قىلىقىنىڭ يامانلىقىدىن قوشنىلىرى خاتىرجەم بولالمىغان كىشى**›› دېگەن.

يۇقىرىقى ھەدىستىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، قوشنىغا ئەزىيەت يەتكۈزگەن كىشى كامىل مۇسۇلمان بولالمايدۇ، شۇڭا كامىل مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن پەرز ئەمەللەرنى ۋە زۆرۈر بولغان مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش قاتارىدا قولۇم-قوشنىدارلىقنىمۇ ئەۋزەل ۋە ساۋابلىق ئەمەللەر قاتارىدا كۆرۈپ، سەل قارىماي، زىممىمىزدىكى مەجبۇرىيەت قاتارىدا ياخشى، خالىس، خۇدا رازىلىقىنى ئىزدىگەن ئاساستا ئادا قىلىشىمىز زۆرۈر.

بىرلىككە كەلگەن ھەدىستە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: ‹‹**ھەي مۇسۇلمان ئاياللار! قوشنىڭلارغا قوينىڭ پاچىقىچىلىك نەرسىنى سۇنۇش ئارقىلىق بولسىمۇ قوشنىدارلىق قىلىشنى كىچىك سانىماڭلار**››

بۇ ھەدىسنىڭ روھىدىن قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولۇم-قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، ئاياللارنى كەڭ داستىخان بولۇشقا، قوشنىلار بىلەن ئىناقلىقنى ساقلاشتا ئالاھىدە رول ئويناشقا دالالەت قىلغان.

بىرلىككە كەلگەن ھەدىستە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: ‹‹**بىر كىشى ئۆزىنىڭ تېمىغا قوشنىسىنىڭ ياغاچ قويۇۋېلىشىنى توسمىسۇن**››. بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشنىدارلىقتا مەنپەئەتپەرەسلىك قىلماسلىق، قوشنىغا يار-يۆلەكتە بولۇش، قوشنىسىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشىمۇ قولۇم-قوشنىدارلىقنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

دېمەك، قولۇم-قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتىمىز، ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىمىز دەيدىكەنمىز، قىلچىمۇ مەنپەئەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىقىمىز، خالىسانە ئالىيجاناب روھنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: ‹‹ **ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھەمراھنىڭ ياخشىسى ھەمراھلىرىغا ياخشى بولغانلىرىدۇر، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قوشنىلارنىڭ ياخشىسى قوشنىلىرىغا ياخشى بولغانلىرىدۇر**››.

يۇقىرىقى ھەدىستىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، قولۇم-قوشنىنا مەيلى ئۇ مۇسۇلمان بولسۇن ياكى مۇسۇلمان ئەمەس بولسۇن، قايسى مىللەت، قايسى دىندىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قولۇم-قوشنىدارلىق ئۆزگەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قوشنىدارلىقتا بىر-بىرىنىڭ خۇلق-مىجەزى، تۇرمۇش ئادىتى، ئۆرپ-ئادىتى، دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىپ ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىكىمىز، مەسىلىلەرگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ھەر قانداق زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ قەدىمكى ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئېسىل قولۇم-قوشنىدارلىق ئەنئەنىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، ھەر قانداق ناچار شارائىتلاردىمۇ بۇ خىل ئەنئەنىلەرنى ساقلاپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. بىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىمىز ھەر قانداق قىلىشقا يېتىدۇ. لېكىن، ئۆزىمىزدىكى نەپسانىيەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىك، مەنمەنلىك، ھاكاۋۇرلۇق ئىللەتلىرى ساغلام بولغان قوشنىدارلىق مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزمەكتە. بىر جەمئىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى بولغانغا ئوخشاش، قوشنىدارلىق مۇناسىۋىتىمۇ جەمئىيەت ئامانلىقىدىكى مۇھىم ھالقىلارنىڭ بىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزگەن كىشى ھەرگىز ياخشىلىق تاپالمايدۇ دېگەن نۇقتىئىنەزەر بويىچە، سەپەرگە چىققاندا سەپەرداشلارغا، ياتاقتا ياتقاندا ياتاقداشلارغا، ھەر خىل قاتناشلارغا ئولتۇرغىنىڭىزدا يېنىڭىزدىكى ھەمراھقا، بىرەر ئوقۇشلاردا ئوقۇپ قالغىنىڭىزدا ساۋاقداشلىرىڭىزغا كۈچىڭىزنىڭ يېتىشىچە دىنىي ئېتىقادىڭىز، خالىسانە روھىڭىز، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتىڭىز، ئىسلام يولىدىكى پىداكارانە روھىڭىز بىلەن مەيلى ئۇ قايسى مىللەت، قايسى دىن، قايسى ئىرقتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياردەمدە بولۇشىڭىز، ئۇلارغا ياخشى ئەخلاقىي پەزىلىتىڭىز بىلەن ئۈلگە بولۇشىڭىز كېرەك، چۈنكى ‹‹سۆز ئۈلگىسىدىن ئۆز ئۈلگىسى يامان›› دېگەن ماقال بار ئەمەسمۇ؟! يەنە كېلىپ ئۇلار سىزنىڭ قوشنىڭىز. سىزگە ئەڭ يېقىن، ياردەم بېرىشكە ئەڭ تېز، قۇتقۇزۇشقا ئەڭ يېقىن كىشىلەر يەنىلا قوشنىلاردۇر. قوشنىلارنى يامان ئىشتىن توسۇپ، ياخشى ئىشلارغا يېتەكلەش، جۈملىدىن قوشنىلارنىڭ يامان ئىشلىرىنى كۆرگەندە ئۇلارغا تەربىيە قىلىپ جەمئىيەتكە، خەلققە پايدىسىز بولغان يامان ئىشلاردىن ياخشى ئىشلارغا باشلاش، پايدىسىز ئامىللارنى پايدىلىق ئامىللارغا ئايلاندۇرۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇشنىمۇ

قوشنىدارلىقنىڭ ھەققى دەپ قارىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ھالقىلىرىنى توغرا تونۇپ، قولۇم-قوشنىدارلىقنى جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ، ئائىلىنىڭ ئىناق-ئىتتىپاق بولۇشىنىڭ يادروسى دەپ قاراپ، زىددىيەت-توقۇنۇشلارغا ئىلغار پىكىر ئېقىملىرى ئارقىلىق توغرا مۇئامىلە قىلىپ، ساغلام بولغان قوشنىدارلىق مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىپ، ئۇنى جەمئىيىتىمىز، خەلقىمىز، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ داۋاملاشتۇرۇشىغا تېگىشلىك ئېسىل ئەنئەنىگە ئايلاندۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ تىنچ، خاتىرجەم ياشىشى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىق، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ئىچىدە تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى، ئامىن!

(ئاپتور: قۇمۇل شەھىرى ئاراتاقيەر مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى: تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## مۇئاۋىن رەئىس ھارۇنخان مەخسۇم ھاجى ئۇ ئالەمگە رىھلەت قىلدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1-مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات، داڭلىق ئۆلىما، قەشقەر شەھرى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خاتىپى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجى 2005-يىل 4- ئاينىڭ 24-كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 84 يېشىدا قەشقەر شەھرىدە ۋاپات بولدى.

ھارۇنخان مەخسۇم ھاجى قەشقەر شەھرىدىن بولۇپ، 1921-يىلى تۇغۇلغان، باللىق چاغلىرىدا دادىسى ھاشىم ئاخۇن داموللامدا ۋە قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان. 1947-يىلى دادىسى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلغان ھەمدە سەئۇدىي ئەرەبىستانىدا دادىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، مەدىنە ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان، 1949-يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن، 1953-يىلدىن باشلاپ قەشقەر شەھرىدە دىنىي ۋەزىپە ئۆتىگەن، 1990-يىلدىن باشلاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى ئىسلام دىنى مەكتىپىدە مۇدەررىسلىك قىلغان، 1986-يىلى ۋە 1994-يىلى يەنە ئىككى قېتىم ھەج تاۋاپ قىلغان، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتە ھەمدە «ۋەز-تەبلىغ»نى تۈزۈش، تەكشۈرۈشتە زور ئەجىر سىڭدۈرگەن.

ھارۇنخان مەخسۇم ھاجى 1978-يىلدىن باشلاپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 6-، 7-، 8-، 9-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ھارۇنخان مەخسۇم ھاجى ئەخلاق-پەزىلەت ۋە ئىلىم جەھەتلەردە يېتىشكەن، كەمتەر، ئاقكۆڭۈل، رەھىمدىل مۆتىۋەر زات ئىدى، مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا تۇرلۇك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە تولۇق قاتنىشىپ، ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا، توغرا كەسىپ بىلەن باي بولۇشقا يېتەكلەپ خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن. 4-ئاينىڭ 25-كۈنى(دۈشەنبە)بامداتتىن كېيىن قەشقەر ھېيتگاھ جامەدە نەچچە مىڭ مۇسۇلمان ئاممىسى مەرھۇمنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتناشتى.

ھارۇنخان مەخسۇم ھاجى دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە ۋە ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن قاتارلىق رەھبەرلەر دوختۇرخانىغا كېلىپ يوقلىدى ۋە مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئۆزىتىشقا قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تەلئەت تۇرسۇنمۇ مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتناشتى ھەمدە مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى.

ھارۇنخان مەخسۇم ھاجى ۋاپات بولغاندىن كېيىن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئارقا-ئارقىدىن تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى، مەرھۇمنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سوراش بۇيۇمى ئەۋەتتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇللىرى مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ يوقلىدى ھەمدە ھال سوراش بۇيۇمى تەقدىم قىلدى. (ياقۇپ ھاجى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



# سۇخەنچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىپ ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەيلى

سادىق قارىم

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئارىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر مۆمىن مۇسۇلمانلار ۋە ئىنسانلار ئارىسىغا سۇخەنچىلىك قىلىش ئارقىلىق ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چېچىپ كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىگە، ئائىلىۋى تۇرمۇشىغا، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا، تەرەققىياتىنىڭ يۈكسىلىشىگە، ئىنسانلارنىڭ روھىي ئەمىنلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ.

ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى ئەيىبلىمەسلىك، سۇخەنچىلىك قىلماسلىق توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: **"(كىشىلەرنى) ئەيىبلىگۈچى، سۇخەنچىگە ۋاي"** {سۈرە «ھۈمەزە» (104-سۈرە)، 1-ئايەت}. دېمەك، ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە كىشىلەرنى ئەيىبلەپ سۇخەنچىلىك قىلىپ يۈرگەن كىشىلەرنى ھاياتىي دۇنيادا ئاگاھ بولۇشقا، كىشىلەرنى ئەيىبلەشتىن، سۇخەنچىلىك قىلىشتىن يىراق تۇرۇشقا چاقىرىدۇ. شۇڭا مۆمىن مۇسۇلمانلارغا ئاسايىشلىق كېلىپ ئۇلارنىڭ نام ئەمەلى ئۆسۈش ئالدىدا، بىلىم ۋە ھالال ئەمگەك ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرىنى كۆرگەندە ئۇلارغا قانداق باھا بېرىش، قانداق پوزىتسىيىدە بولۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ سۇخەنچىلىك قىلىپ يوقىغا چىقىرىلىشىدىن ساقلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. سۇخەنچىلىك قىلىشتىن كۆپىنچە مۇسۇلمانلىرىمىز ھوشيار تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئارىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىنى زورلاپ سۇخەنچىلىك قىلمىشىغا ئاتىماقتا. بولۇپمۇ باشقىلارنىڭ ئۇتۇقلىرىنى كۆرگەندە كۆزى قىزىرىپ، يۇقىرى-تۆۋەن قاتراپ قۇسۇر ئىزدەپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىغا ئاداۋەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ ئانىسى بولغان، ئىسلام دىنىمىز ئېغىر گۇناھ سانىغان سۇخەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىمۇ مۇسۇلمان تۇرۇپ ئۆزىگە لايىق بولمىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلەرمۇ جەمئىيىتىمىزدە ئاز ئەمەس.

كىشىلەرنى ئەيىبلىمەسلىك توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **"بىر كىشى تىلدا ئىمان ئېيتسا، ئىمان ئۇ كىشىنىڭ قەلبىگە يەتمەيدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىپلىرىنى ئىزدىمەڭلار. ئەگەر بىر كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدەپ ئاشكارا قىلسا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى ئۆز ئۆيىدە رەسۋا قىلىدۇ"** (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان). دېمەك، ئىماننى تىلدا ئېيتىش بىلەن بىرگە دىلدا چوقۇم تەستىق قىلىش ۋە ھەرىكىتىدە ئەمەل قىلىش كېرەك، ئاندىن پۈتۈن بىر مۇسۇلمان بولغان بولىدۇ. ئىماننى تىلدا ئېيتىپ دىلدا تەستىق قىلغان كىشىنىڭ باشقا كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارە قىلىشى، ئەيىبلىشى مۇسۇلمانلىق ئىشى ئەمەس. شۇڭا مۆمىن مۇسۇلمانلار خالىغانچە باشقىلارنى ئەيىبلەشتىن يىراق تۇرۇشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: **"(مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار"** {سۈرە «ھۇجۇرات» (49-سۈرە)، 12-ئايەت}. دېمەك بۇ ئايەتتىمۇ كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەسلىككە چاقىرىلغان.

بىز مۆمىن مۇسۇلمان بولىدىكەنمىز ئاللاھ تائالانىڭ ئايەت ھۆكمى ئارقىلىق تۈرلۈك پىتنە-پاساتلاردىن يىراق تۇرۇپ ئۆزئارا مۇناسىۋەتكە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. باشقىلار سۆز قىلسا خالىغانچە تارقاتماستىن ئامانەت قاتارىدا ساقلىشىمىز كېرەك. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ”**بىر كىشى سۆز قىلىپ يەنە بىر كىشىگە قارىسا شۇ قارىغانلىقىنىڭ ئۆزى ئامانەتتۇر**“(ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان). ھازىر قارايدىغان بولساق، ئارىمىزدا بەزىلەر بىر ئادەم بىر كەلىمىنى ئېيتىپ بولغىچە ئۇنىڭغا سۆز قوشۇپ تارقاتقىلى ئاران تۇرىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. سۆزلىگۈچى سۆزلىگەن سۆزنىڭ مەزمۇنىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلمىسا، ئالدىراپ-تېنەپ ئاداۋەت پەيدا قىلىپ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”**ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ يامانلىرى ئىككى يۈزلىمچىلەردۇر. ئۇلار بىرسىنىڭ قېشىغا كەلسە بىر يۈزى بىلەن، يەنە بىرسىنىڭ قېشىغا كەلسە يەنە بىر يۈزى بىلەن كېلىدۇ**“ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). ھازىر ئارىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر كىشىلەر ئالدىدا ئىنتايىن مۇلايىم قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئۇستىلىق بىلەن ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ، پىتنە-پاسات پەيدا قىلىپ كىشىلەرنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن ئازغىنە سەۋەنلىك تاپسا ئالەمگە يېيىپ، ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل باھا بېرىپ، ئۆزىنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشىدا ئىتتىپاقسىزلىق، مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىشتەك ئىسلام دىنىمىز چەكلەپ كېلىۋاتقان گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە زورۇقماقتا. ئىككى يۈزلىمىلىك قىلغۇچىلار شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەككى، سىزنىڭ ھەر تۈرلۈك مەشغۇلىيىتىڭىزدە تەسادىپىي سادىر بولۇپ قالغان سەۋەنلىكلىرىڭىزنى باشقىلار ئوچۇق مۇبالىغە قىلىپ ئېيتسا ئەلۋەتتە سىزمۇ خوش بولمايسىز. شۇڭا باشقىلارنىڭمۇ سىزگە ئوخشاشلا نارازى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ھەم قەتئىي ئىرادە ئارقىلىق ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ كۆڭۈل ئاغرىتىشتىن ساقلىنىڭ.

سۇخەنچىلىك شەيتانىنىڭ ھەرىكىتىدىنمۇ يامانراق. چۈنكى شەيتان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە خىيال ۋەسۋەسە ئارقىلىق زىيان يەتكۈزىدۇ. سۇخەنچىلەر ئىنسانلارغا ئەمەلىي ھەرىكىتى ۋە سۆزى ئارقىلىق ئاداۋەت پەيدا قىلىپ ئۆزئارا ئۆچمەنلىشىشكە سەۋەبچى بولغاندىن سىرت جىسمانىي خەتەر پەيدا قىلىدۇ، قاتىللىققا يۈزلەندۈرىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: ”**بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قەبرىستانلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ يېڭى قويۇلغان ئىككى قەبرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇ ئىككىسىگە ئازاب قىلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇلاردىن بىرسىگە كىيىم-كېچەكلىرىنى نىجاسەتتىن پاكلىمىغانلىقى ئۈچۈن ئازاب قىلىنىۋاتقانلىقى، يەنە بىرسىگە بولسا سۇخەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن ئازاب قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، بىر تال شاخنى ئېلىپ ئىككى پارچە قىلىپ ئىككى قەبرىگە سانچىپ قويغانلىقى، ساھابىلار سورىغاندا، شۇ شاخ قۇرۇپ قالغىچە ئۇلارغا ئازاب يەڭگىل بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانلىقى**“ رىۋايەت قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**سۇخەنچى جەننەتكە ھەرگىز كىرمەيدۇ**“ دېگەن(ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان).

بىزنىڭ ھاياتىي دۇنيادا قىلغان بارلىق تائەت-ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ جەننەت بىلەن مۇكاپات بېرىشىنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالا جەننەتكە كىرگۈزمىگەن كىشىلەرگە ئەلۋەتتە دوزاخ ۋاجىپ بولۇپ قالىدۇ. سۇخەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرگە نەسىھەت: سىز شۇغۇللانغان، ئاداۋەتلىشىشكە سەۋەبچى بولىدىغان پائالىيىتىڭىزدىن دەرھال قول ئۈزۈپ، ئاللاھ تائالاغا قاتتىق تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىپ، قىلغان ئىش-ھەرىكىتىڭىزنىڭ ئاقىلانە ئىش ئەمەسلىكىنى ئويلىمىسىڭىز ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالا سىزگە بېرىدىغان مۇكاپات جەننەت بولماستىن بەلكى دوزاخ بىلەن جازالىنىسىز. ئۇندىن باشقا، ھاياتىي دۇنيادىمۇ خورلۇق ئىچىدە ئۆتىسىز. ھەر قانداق بىر مۆمىن مۇسۇلمان قەتئىي نىيەت بىلەن كىشىلەرنى ئەيىبلەش، گەپ توشۇش، سۇخەنچىلىك قىلىش قاتارلىق ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقىنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتكە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزئارا قەدىرلەپ ئۆتۈشىمىز لازىم. بىز مۆمىن مۇسۇلمان بولىدىكەنمىز ھەممىمىز بىر قېرىنداشتەك ياشىشىمىز كېرەك. چۈنكى ”**مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر**“ {سۈرە«ھۇجۇرات»(49-سۈرە)، 10-ئايەت}.

ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا سىلەر ۋە بىزلەرنى تۈرلۈك پىتنە-پاساتلاردىن ساقلاپ، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىققا چاقىرغان چاقىرىقىغا ئىتائەت قىلىپ، ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتكىلى نېسىپ قىلغاي-ئامىن!

(ئاپتور: يەكەن ناھىيىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئىسلامدا پەزىلەت توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇركى: " **ئۆزئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر** " {سۇرە«بەقەرە» (2 - سۈرە)،237 - ئايەت}.

پەزىلەت ئەرەبچە سۆز بولۇپ،''ئەۋزەللىك، ئارتۇقچىلىق'' دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام ئەخلاق ئىلمىدا، خەيرى - ئېھسان يولىدا دائىم ھازىر بولۇپ تۇرالايدىغانلار پەزىلەتلىك كىشىلەر دەپ ئاتىلىدۇ. بىر مۆمىن - مۇسۇلمان بەندە پەزىلەتلىك دېگەن نام بىلەن سۈپەتلىنىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سۆز - ھەرىكىتى ۋە ئەقىدىسىدە پاك بولۇپ، باشقىلارنى ياخشىلىققا ئۈندەپ، يامانلىقتىن توسىدىغان بولۇشى لازىم. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ پەزىلەتلىك بولۇشى بىر قېتىملىق ياخشى سۆز - ھەرىكىتى بىلەنلا ئىپادىلەنمەيدۇ، بەلكى توختىماي خەيرى - ئېھسان قىلىشقا ئىزچىل ئادەتلىنىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خۇددى بىر ئىنساننى دۇرۇس گەپ قىلىدۇ دەپ تەرىپلىگىنىمىزدە ئۇنىڭ دائىم دۇرۇس گەپ قىلىدىغىنىغا قاراپ باھا بەرگىنىمىزگە ئوخشايدۇ.

ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇ جەھەتتە، بەندە پەزىلەتلىك دېگەن نامغا مۇشەررەپ بولۇش ئۈچۈن، ئاۋۋال بىلىم - مەرىپەتلىك بولۇشى، ئاندىن بىر ئىشقا ئىرادە باغلىشى، ئاندىن شۇ ئىشتا مۇستەھكەم بولۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەرتنى ھازىرلىشى لازىم، دەيدۇ. بۇ ئۈچ شەرتنىڭ ئىچىدە بىلىم - مەرىپەتلىك بولۇش بىرىنچى مەرتىۋىدە تۇرىدۇ، چۈنكى بەندە بىلىش ۋاستىسى بىلەن ياخشى - يامانني پەرق ئېتەلەيدىغان، مەلۇم بىر ئەمەلنىڭ پەزىلەتلىك ئەمەل ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلەيدىغان بولىدۇ. يەنە كېلىپ، بەندىنىڭ خەيرى - ئېھسان قىلىشى ئۆزىنىڭ ئىرادە خاھىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، بەندىنىڭ مەيدانى مۇستەھكەم بولغاندا، ياخشى - يامانني داۋاملىق ئېنىق ئايرىپ تۇرىدىغان بولىدۇ. دېمەك، بىلىم - مەرىپەت، ئىرادە ۋە مۇستەھكەملىكتىن ئىبارەت ئۈچ شەرتنى ھازىرلىغان بەندە پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەن ئادەم دېگەن نامغا مۇشەررەپ بولالايدۇ. شۇڭا، پەزىلەتلىك بەندە ئۆزىگە دۇچ كەلگەن ھەر خىل قىيىن ئۆتكەللەر ۋە ئېغىرچىلىقلار ئالدىدا تىز پۈكمەيدۇ، ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ سەۋرچانلىق پەزىلىتى بىلەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرىدۇ.

پەزىلەت ئۆز سۈپىتى بىلەن ئىجتىمائىي خاسلىققا ئىگە، خەلقى - ئالەمدىن باش تارتىپ خىلۋەتتە ياشايدىغانلار پەزىلەتلىك دەپ ناملانمايدۇ. كەمتەرلىك، ساداقەتمەنلىك، خەيرى - ساخاۋەتلىك ۋە ئىخلاسمەنلىك دېگەنگە ئوخشاش سۈپەتلەر پەقەت جامائەت بىلەن بىللە ياشايدىغان، ئۇلارنىڭ دەرد - ئەلەم ۋە ھال - ئەھۋاللىرىدا بىرگە بولالايدىغان كىشىلەرگىلا مەنسۇپ، شۇڭا ئۆلىمالار پەزىلەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئەھۋاللارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، دەيدۇ. مەسىلەن، شىجائەتلىك بولۇش جەڭچىلەرنىڭ پەزىلىتى، ھېكمەتلىك بولۇش ھەكىملەرنىڭ پەزىلىتى دېگەنگە ئوخشاش. ۋاپادارلىق، ئادىللىق، شىجائەتلىك، مەردلىك، ئىپپەتلىك، رەھىمدىللىك، ھېكمەتلىك، ساداقەتلىك، سەۋرچانلىق قاتارلىق سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئېسىل پەزىلەت جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنىڭ زاتىغا مەنسۇپ بولسا، يەنە بەزىلىرى باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە گەۋدىلىنىدۇ. شەخسىي پەزىلەت بىلەن بەندە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش يولىنى تەرتىپكە سالىدۇ، ئۆزىنىڭ تاقىتىنى داۋاملىق ھالدا تەكشۈرۈپ ساقلايدۇ. ئىجتىمائىي پەزىلەت ئارقىلىق ،بەندە بەندە بىلەن ئىناق - ئىتتىپاق بولۇپ ياشايدۇ. دېمەك بەندىدە شەخسىي پەزىلەت بولمىسا، ئۇ جەمئىيەتكە ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ، ئىجتىمائىي پەزىلەت بولمىسا باشقىلارغا زىيان - زەخمەت ۋە مالىمانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

پەزىلەت يەنە باشقىچە شەكىلدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچىسى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئادەتتىكى مۇناسىۋەتتە ئىپادىلىنىدىغان پەزىلەت، مەسىلەن، ئېلىم - سېتىمدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە بولۇشنى كۆزلىشى بۇنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئىككىنچىسى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئالىيجانابلىقنى نامايان قىلىدىغان پەزىلەت. بۇ خىل پەزىلەتنى ھازىرلىغان ئادەم باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى دائىم ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى دەپ قارايدۇ، ئۇ بۇ ئىش - ھەرىكىتى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ مەدھىيىسىگە مۇيەسسەر بولۇشنى كۆزلىمەيدۇ، ھەممە ياخشىلىقلارنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلدىم دەپ بىلىدۇ. **(ئادىل ھاجى كېرەم)**

# ئىسلام دىنى

## ئىلىم ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىدىغان دىن

سادىق ياقۇپ، ياقۇپ ھەمدۇللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلام دىنى تەرەققىياتقا ماسلىشالايدىغان، ئىلىم-پەن ئۆگىنىشنى دەۋەت قىلىدىغان، تەرەققىيپەرۋەر دىن. ئىسلام دىنى بىزنى ئىلىم ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ، بىلىمنى قەدىرلەيدۇ، ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلەيدۇ. سۇبھانە ۋە تائالانىڭ مۇبارەك لەۋزىنى يەتكۈزگۈچى پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدا ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە يەتكۈزگەن تۇنجى ۋەھيى "**ئوقۇغىن**"نى قايتا-قايتا تەكرارلاپ، قەلەم بىلەن يېزىشنى، بىلىمگەننى ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن: "**ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى**" {سۈرە «ئەلەق» (96-سۈرە)، 1—5-ئايەت}. دېمەك، ئوقۇش، يېزىش، ئۆگىنىش، ئاللاھ تائالانىڭ بىز بەندىلەرگە چۈشۈرگەن تۇنجى تەشەببۇسى، ئەمرى، پەرزى، ئاللاھنىڭ بىز ئىنسانلارغا بەرگەن ئەڭ چوڭ نېمىتى، رەھمىتى، شەپقىتى. قۇرئان ئۆزىنىڭ مۇبارەك سەترىلىرىدە ئەقلىنى، ئالىملارنى لال قىلىدىغان ئىلىم-پەن، گۆھەر-جاۋاھىراتلىرىنى تېگىگە يوشۇرغان چەكسىز ۋە چوڭقۇر دېڭىز. ھازىرقى زامان ئالىملىرى تېخى ئاشۇ دېڭىز ساھىلىدا تۇرۇپ بۇ سىرلىق مۆجىزاتلارنىڭ سىرىنى ئېچىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. ئاللاھ تائالا: "**ئۇلارغا بىز تاكى قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە (ئاسمان-زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز**" {سۈرە «فۇسسىلەت» (41-سۈرە)، 53-ئايەت} دېگەنىدى. بۇ بېشارەتتىن بىز ئەتراپىمىزنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسىنىڭ (ئاسمان-زېمىننىڭ) ھەقىقىي سىرلىرىنى تېپىپ چىقساق ئاندىن ئاللاھنىڭ قۇدرەت-كامالىنى تونۇپ يېتىپ، ئىمانىمىز كامىل بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز.

تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەقىقىتىنى تېپىش، سىرلىرىنى ئېچىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلىش ئۈچۈن ئىلىم-پەن ئۆگىنىش، ھارماي ئىزدىنىش، تەجرىبە قىلىش، ئىلمىي خۇلاسىلەش، بىلىم جۇغلاش كېرەك. بۈگۈنكى دۇنيادا ئىلىم-پەن نەتىجىلىرى سىزنى ھەيران-ھەس قالدۇرىدىغان مۆجىزاتلار سىرىنى ئاشكارىلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مۆجىزاتلار بۇنىڭدىن 1400 يىل مۇقەددەم قۇرئاندا ئاللاھ تەرىپىدىن بېشارەت بېرىلگەنلىكىنى بايقىيالايمىز. ھازىرقى كەشپىياتلار قۇرئاندىكى مۆجىزاتلارنى ئىنسانلارغا جاكارلاشتىن ئىبارەت، خالاس. مەسىلەن: ھازىرقى يۇقىرى ئىلىم-تېخنىكا ئالەم بوشلۇقىغا يۈزلىنىپ، كائىناتنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ، ئاسماننىڭ ئەسلىدە تۇمان ھالەتتە ئىكەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com

قىياسەن ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ بىلىم ئەسلىدە قۇرئاندا: ''**ئاللاھ زېمىننى يارىتىپ بولۇپ، ئاندىن ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى**'' {سۈرە«فۇسسىلەت»(41-سۈرە)، 11-ئايەت} دېيىلگەن. زېمىننى قېدىرىپ تەكشۈرگۈچى گېئولوگلار تاغلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ تاغلارنىڭ يەر ئۈستى قىسمى قانچىلىك ھەيۋەت ئېگىز بولسا، زېمىن تېگىدىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىپ، زېمىننى تۇتۇپ تۇرىدۇ، يەر تەۋرەشنىڭ ئاجىزلىشىشىغا مۇئەييەن توساق بولالايدۇ دېگەن خۇلاسىنى چىقارغانىدى. قۇرئاندا: ''**(زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟**'' {سۈرە«نەبە»(78-سۈرە)، 7-ئايەت} دېگەن ئايەتتە يەر تەۋرەپ ئىنسانلارغا دەھشەتلىك بالايى-ئاپەت كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا تاغلارنىڭ زېمىنغا قېقىلغان قوزۇقتەك مۇستەھكەم باغلاپ تۇرىدىغانلىقى ئېيتىلغان.

«قۇرئان كەرىم»دە: ''**ئاللاھ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى، زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر(يەنى ئاجايىپ مەخلۇقاتلار)نىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار**'' {سۈرە«ياسىن»(36-سۈرە)، 36-ئايەت} دېگەن ھۆكۈمنى بۈگۈنكى بىئولوگىيە ئالىملىرى ئۇزاق يىل تەتقىق قىلىپ، ئۆسۈملۈكلەرمۇ جۈپلىشىپ، چاڭلىنىپ مېۋە بېرىپ كۆپىيىدىغانلىقىنى، بارلىق جانىدارلارنىڭ جۈپتى بارلىقىنى، ئۇلار جۈپلىشىپ نەسىل قالدۇرىدىغانلىقىنى، ھەتتا تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانسىز جىسىملارنىڭمۇ جۈپ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. مەسىلەن: توك، ماگنىت زەرەتلىرى، سانلار مەنپىي، مۇسبەت جۈپ ھالەتتە مەۋجۇت. جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىمۇ كونا-يېڭى، مۇھەببەت-نەپرەت قاتارلىقلارنىڭ بىر جۈپ قارىمۇقارشى ھالەت ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. دېمەك، قۇرئان ئىلىم-پەن يېتەكچىسى، دىنىي ۋە دۇنياۋى بىلىملەرنىڭ تەڭداشسىز قامۇسى، ئاللاھ ئىرادىسىنىڭ نامايەندىسى، دۇنيا تارىخىدا ئالاھىدە قىممەتلىك، دەۋر بۆلگۈچى شاھانە ھۆججەت. قۇرئاندا ئىلىم توغرىسىدا 721 ئايەتتە تەكرار-تەكرار تەكىتلەپ بىزنى ئىلىم ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلغان. ئىنسانلارنىڭ پىر بوۋىسى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ ئۆز پەزلى-كەرەمى بىلەن تامام ئىلىمنى بىلدۈرۈپ، پەرىشتىلەرگە ئۈلگە قىلىپ: ''**سىلەر يۇقىرىقى ۋە تۆۋەنكى ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇدات ۋە مەخلۇقاتلار توغرىسىدا بىلمەكچى بولساڭلار ھەزرىتى ئادەمدىن سوراڭلار**'' دېگەن. جانابى ئاللاھتىن خىتاب بولىدىكى: ''**مەن بىلگەننى سىلەر بىلمەيسىلەر، ئادەم سىلەردىن ئالىمراق. مىڭ ئابىدتىن بىر ئالىم ئەلادۇر، ئەمدى ھەممىڭلار ئادەمنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ سەجدە قىلىڭلار**'' («قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 22-بەت) دەپ ئەمر قىلغانىدى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىلىم ئۆگىنىش ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ۋەزىپىسى، ئادىمىيلىك بەلگىسى، ئاللاھ تاپشۇرغان پەرز. ''**ھېكمەتنى(يەنى ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ؛ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق قىلىنغان بولىدۇ**'' {سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 269-ئايەت}. ''**ئاللاھ سىلەرگە ئۆگىتىدۇ(يەنى سىلەرگە ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان ئىلىمنى بېرىدۇ)، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر**'' {سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 282-ئايەت}. ''**ئۇ (يەنى قۇرئان) ۋەز-نەسىھەتتۇر (ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەختىيار بولۇشىنى كۆزلەيدىغان بولسا قۇرئان ئۇلارنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشىغا يېتەرلىكتۇر)**'' {سۈرە«مۇددەسسىر»(74-سۈرە)، 54-ئايەت}. يۇقىرىقى ئايەتى كەرىمىلەردىن ئىنسانلار ئۈچۈن ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان ئىلىم ئاللاھنىڭ بىزگە رەھمەت قىلىپ ئاتا قىلغان ئەڭ چوڭ نېمىتى ئىكەنلىكى، ئىلىم-ھېكمەت ئىگىلىرى ئاللاھنىڭ ئەڭ يېقىن بەندىلىرى بولالايدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرى (قۇرئان ئايەتلىرى) بىزنى بەختكە، ياخشى ئەمەلگە، جەننەتكە يېتەكلەيدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك يېتەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. يۇقىرىقى ئايەتلەردىكى ھەر بىر سۆز ھەۋزى كەۋسەردەك چاڭقاق دىللارنى ياشنىتىدۇ، بەختلىك تۇرمۇش قۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا، بىلىم بىلەن قۇدرەت تېپىپ، ئىلىم بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ. قۇرئاندىكى ۋەز-نەسىھەتنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ تەربىيىۋى رولى ئىنتايىن چوڭقۇر.

مۇھەممەد پەيغەمبەر ئىلىمنى ئىنتايىن قىزغىن سۆيەتتى. ئىلىم ئۆگىنىشكە ئەقىدە-ئىخلاسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئىلىم توغرىسىدا، ئىلىم ئەھلى توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىدى: ''**كىمكى ئىلىمنى، ئالىمنى دوست تۇتسا، ئۇنىڭ خاتالىقى يېزىلمايدۇ، ئۇ كىشى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ**''. ''**كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا بولسا، جەننەت ئۇ كىشىنىڭ تەلىپىدە بولىدۇ**''،

"كىمكى ئىلىم ئىشقىدا ئۆلسە ئۇ كىشى پەيغەمبەر دەرىجىسىدە بولىدۇ". "يەر يۈزىدىكى ئالىملار خۇددى يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ جاھاننى يورۇتۇشى بىلەن قۇرۇقلۇق ياكى دېڭىزدا يول تېپىش ماڭغىلى بولىدۇ. يۇلتۇزلار بولمىسا، يول يۈرگەنلەر ئېزىپ قېلىشقا تاس قالىدۇ". "گەرچە ئىلىم جۇڭگودا بولسىمۇ ئىلىمگە ئىنتىلىڭلار. چۈنكى ئىلىم ئېلىشقا ھەرىكەت قىلىش ھەر بىر مۆمىنگە پەرزدۇر"، "ئىلىم ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر. تەقۋالىق دىننى تۇتۇپ تۇرغۇچى تۈۋرۈكتۇر. مېنىڭ قارىشىمچە ئىبادەتكە قارىغاندا ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ئارتۇقتۇر" («سەھىھ ھەدىسلەر»، 104-، 110-، 112-بەتلەر). يۇقىرىقى ھەدىس كەلىمىلەر ئىلىمنىڭ بۇ دۇنيادا ئىنسانلار ئۈچۈن قانچىلىك قىممەتلىك بايلىق ئىكەنلىكى، قانچىلىك ساۋابلىق، ياخشى ئەمەلگە ياتىدىغانلىقى، ئىلىمنىڭ رولى، ئەۋزەللىكىنى توغرا شەرھلەپ بىزنى ئىلىم ئۆگىنىشكە چاقىرغان.

ئاللاھ پەزلى-كەرەمى بىلەن تاللاپ، ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن ھەر قايسى قەۋملەرنىڭ پەيغەمبەرلىرىمۇ ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچىلا ئەمەس، ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلىمدا كامىل، ئەخلاقى پازىل، ھۈنەردە ماھىر ئادىمى ئىدى. ئىدرىس ئەلەيھىسسالام ئەڭ بۇرۇن خەت يېزىشنى ئىجاد قىلغان ھەم رەخت توقۇش، كىيىم تىكىشتە قالتىس ئۇستاز ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام تۇنجى كېمە ياسىغان، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇنجى ئۆينى بىنا قىلغان، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئالتۇن تاۋلاشنى، داۋۇد ئەلەيھىسسالام تۆمۈر تاۋلاش، تۆمۈردىن ھەر خىل قوراللارنى ياساشنى كەشىپ قىلغان. ئاللاھ قۇرئاندا: "**بىز ھەقىقەتەن داۋۇدقا، سۇلەيمانغا(دۇنيا ۋە دىن ئىلىملىرىدىن كەڭ) ئىلىم ئاتا قىلدۇق**"{سۈرە «نەمل» (27-سۈرە)، 15-ئايەت} دېگەنىدى. "لوقمانغا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: 'ئى لوقمان، خالىساڭ پەيغەمبەر بول، خالىساڭ ئىلىم-ھېكمەتتىن تەلىم بېرەي' دېدى. ھەزرىتى لوقمان: 'پەيغەمبەرلىك بەك ئۇلۇغ يولدۇر، ئىلمي ھېكمەت كۆپ كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ' دېدى. پەرىشتە ئۇنىڭغا ئىلىم-ھېكمەتتىن تەلىم بەردى. بارلىق پادىشاھلار، ئالىملار، ئىنسانلار ئۇنىڭغا موھتاج بولدى" («قىسسەسۇل ئەنبىيا»دىن). مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە ئاللاھ چەكسىز رەھىم-شەپقەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىلىم-ھېكمەت، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى مۇپەسسەل بىلدۈرۈپ يۈكسەك كامالەت ئىگىسى قىلدى. ئۇ مۇسۇلمانلارنى جاھالەت زۇلمىتىدىن مەرىپەت يورۇقلۇقىغا باشلىغان. ئۇ ئەقىل-ئىدراك، ئىلىم-پەزىلەتتە دۇنيادا ھېچكىم يېتەلمىگەن دەرىجىگە يەتكەن.

ئىسلام دىنى 7-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا روناق تېپىپ، قۇرئاننى تۇتقا قىلىپ، ئىلىمدىن نۇر ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ئېلىپ، پۈتكۈل ئەرەب زېمىنىنى قۇدرەت تاپقۇزۇپلا قالماستىن، ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا قىتئەلىرىدىكى خەلققە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەلىپىلەر ئىسلام دىنىنى تارقىتىپ قەيەرگە قەدىمى يەتسە شۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى، پەن-تېخنىكىسىنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۆز يېرىنىڭ مەدەنىيىتىنى مەركەز قىلىپ، چەتنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ ئىنسانىي مەدەنىيەتنى—ئىسلام مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى. شۇ دەۋرلەردە ئىسلام مەدەنىيىتى دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.



www.uyghurkitap.com

ئەرەب ئالىملىرى ئەرەبچە رەقەم ۋە ئونلۇق سىستېما ئۇسۇلىنى كەڭ قوللانغانىدى. بۇ رەقەملەر ئىنسانىيەتكە كۆپلىگەن ئوڭايلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بەرگەچكە پۈتكۈل دۇنيا ھازىر مۇشۇ رەقەملەرنى قوللىنىۋاتىدۇ. ئەلجەبىر(ئالگېبرا)، گېئومېترىيە، ترىگونومېترىيىنى تۈنجى بولۇپ مۇسۇلمان ئالىملار ئىجاد قىلىپ كېيىنچە ياۋروپاغا ۋە پۈتكۈل دۇنياغا تارالغان. مۇھەممەد خارەزمى 9-ئەسىردە ماتېماتىكىلىق ھېسابلاشتىن 800 مەسىلىنى يېشىپ بەرگەن. بۇنىڭ كىتابلىرى كېيىن 16-ئەسىرلەرگە كەلگەندە ياۋروپالىقلارنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە دەرسلىك بولۇپ قالغان. ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسى دۇنيا بويىچە تۇنجى ۋە ئەڭ چوڭ رەسەتخانا بولۇپ، ئۇلۇغبەگ ئاسترونومىيە ئىلمىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرگەن. يەئقۇب كىندى يۇنان تىلىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئىلىم تارقىتىشتا زور تۆھپە قوشقان. فارابى مۇزىكا، پەلسەپە، ماتېماتىكىدا زامانىسىنىڭ يېتۈك ئەللامىسى ئىدى. ئىبنى سىنا خىمىيە، تېبابەتچىلىكتە ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى يارىتىپ دۇنيا مېدىتسىنا ئىلمىگە ئاساس سالغان، شۇڭا تېبابەتچىلىكنى غەربلىكلەر شۇ ئالىمنىڭ نامىدا ”مېدىتسىنا“ دەپ ئاتىغان. خىمىيىدە جابىر ئىبنى ھەييان، فىزىكىدا ئىبنى ھەيسەم قاتارلىق ئالىملار يۇنانىستاننىڭ ئارىستوتىلىغا تەڭداش ئالىملاردىن ئىدى.

ئىسلام دىنى شىنجاڭ رايونىغا كىرگەندىن كېيىن قەشقەر قاتارلىق جايلار مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئىسلام دىنىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى شىنجاڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى قاتارلىقلار شۇ دەۋر مەدەنىيەت باغچىلىرىدا پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ناۋايى، لۇتفى، رابغۇزى، زەلىلى، سەككاكى، نىزارى قاتارلىق كىلاسسىكلىرىمىز، يېقىنقى زاماندىكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇقادىر داموللا، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نىم شېھىت، زۇنۇن قادىر، تېيىپجان ئېلىيوپ قاتارلىق يازغۇچى-ئالىملىرىمىزمۇ ئىسلام مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغان مەدرىسلەردە ئىلىم ئاساسىنى تۇرغۇزغان، ئىلىم-ھېكمەتتىن ئۆچمەس ئابىدىلەرنى تىكلىگەن زاتلار ئىدى.

سان-ساناقسىز پاكىتلار ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىمنى ئۇلۇغلايدىغان، ئىلىمنى، ئالىمنى يۈكسەك قەدىرلەيدىغان، دەۋرگە ئەگىشىپ، تەرەققىياتقا ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىپ گۈللەنگەن تەرەققىي[illegible] دىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. دېمەك، ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىپ، ھۈنەر-سەنئەت ئىگىلەپ، ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىشىغا، ئىشلەپچىقىرىش، ھۈنەر-تېخنىكا ئىگىلەش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشىغا ئەزەلدىن كۈچ-مەدەت بېرىپ كەلگەن. شۇڭا شۇ زامانلاردا مۇسۇلمانلاردىن ئاجايىپ تالانتلىق ئىلىم-پەن چولپانلىرى چىقىپ ئىلىم-پەن ئاسمىنىنى يورۇتۇپ، ياۋروپانىڭ ئويغىنىشىغىمۇ تۈرتكە بولغانىدى. مۇسۇلمان ئالىملار تىكلىگەن ئالتۇن پىرامىدالار ھازىرمۇ كۆز چاقنىتىپ تۇرماقتا. پاكىت مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. ئىسلام دىنى بىلەن ئىلىم-پەن بىر-بىرىگە ھەرگىز زىت ئەمەس. خۇددى ئېينىشتېين ئېيتقاندەك: ” ئىلىم پەنسىز دىن توكورغا، دىنسىز پەن قارىغۇغا ئوخشايدۇ“.

بىلىم ئەقىل-پاراسەت، كۈچ-قۇۋۋەت، ماددىي بايلىق، روھىي بايلىق، شانۇ شاراپەت، ئىجادكەشپىياتنىڭ ئانىسى. بىلىمى يوق ئادەم، مائارىپى تەرەققىي قىلمىغان مىللەت، مائارىپقا مەبلەغ سالمىغان دۆلەت نادان، قالاق، ئاجىز، خار بولۇپ قالىدۇ. بىلىم ئىنسان ئۈچۈن كۈن نۇرى، ھاۋا، سۇ، نانغا ئوخشاشلا مۇھىم. بىلىمسىزنىڭ دىلى زىمىستان، ئۆيى گۆرىستان، ئۆزى ۋەيران، ئۆمرى سەرسان بولىدۇ. جەمئىيەتتە بىلىم نۇرى ئۇلۇغ، بىلىم بەخت نۇرى. ئۇ ئىنسانلارغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ. بىلىمسىزلىك تراگېدىيە. قايسى مىللەتتە، قايسى دۆلەتتە بىلىمسىز نادانلار كۆپ بولسا خەلقنى ئاپەت، دۆلەتنى پالاكەت باسىدۇ. مىللەتنى گۈللەندۈرۈپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا مائارىپقا، ئىلىم-پەنگە تايىنىمىز. 21- ئەسىر يۇقىرى پەن-تېخنىكا ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئۈچقۇر دۇنياۋى تورلاشقان، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سودا يەر شارىلىشىۋاتقان، رىقابەت، خىرىس كۈچىيىۋاتقان دەۋر. دەۋرگە ئەگىشىپ، جەمئىيەتكە ماسلىشىپ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلەتمىسەك تاللىنالماي شاللىنىمىز. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلار بىدئەت، قاتمال خۇراپىي ئىدىيىلەردە ئازغىنىپ يۈرمەي، ئىسلام دىنىنىڭ شانلىق ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىلىم، ھۈنەر-تېخنىكا ئىگىلەپ، باللىرىمىزغىمۇ ئېتىقاد بىلەن ئىلىمنىڭ ئايرىلماس ھېكمىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ مېڭىشىمىز كېرەك.

(ئاپتورلار: مورى ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# تاھارەت، ناماز ۋە سالامەتلىك


مۇھەممەتجان ئىبراھىمجان

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** ئىسلام دىنى سالامەتلىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان دىن. ئىسلامدىكى تاھارەت ۋە ناماز روھىيەت جەھەتتىلا ئەھمىيەتلىك بولۇپ قالماستىن، تېبابەت ۋە تەن ساغلاملىق جەھەتتىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا ئاپتورغا مۇشۇ جەھەتتە ئىزدىنىپ ماقالە يېزىشنى ھاۋالە قىلغانىدۇق. ئاپتور كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىپ، جۈملىدىن ئۆلىمالار، تەجرىبىلىك دوختۇرلار ۋە تېبابەت پېشىۋالىرى بىلەن كۆپ قېتىم ھەمسۆھبەت بولۇپ مەزكۇر ماقالىنى پۈتتۈردى. ماقالىنىڭ سالمىقى كۆرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، «تاھارەت ۋە سالامەتلىك» قىسمىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىغا، «ناماز ۋە سالامەتلىك» قىسمىنى كېيىنكى سانىغا بەرمەكچىمىز.

تەن ساقلىق ۋە سالامەتلىك ئاللاھنىڭ ئىنسانغا بەرگەن ئاجايىپ ئۇلۇغ بىر نېمىتى ھەمدە پايدىلىق پۇرسەت، كەڭرى ئىمكانىيىتى. نورمال ئەقىل- پاراسەت، ساغلام ئىمان- ئېتىقادقا ئىگە بولغان، تېنى ساق، سالامەت ئىنسان بۇ ئاجايىپ ياخشى نېمەت، پايدىلىق پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت دائىرىسىدە ئاللاھ بۇيرۇغان بۈيۈك مەجبۇرىيەت، ئۇلۇغ ئىبادەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئاللاھنى رازى قىلالايدۇ، دۇنيادىكى ئىنسان مەنپەئەتلىنىشكە تېگىشلىك ماددىي نېمەت، روھىي لەززەتتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇپ، ھۇزۇرى سائادەتتىن قانائەت ھېس قىلىپ، شاد- خۇراملىققا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى خىيال- مەقسەتلىرى، گۈزەل ئارزۇ- ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھۈنەر- كەسىپ، خىزمەت، ئۆگىنىش، ئىلمىي تەتقىقاتلىرىنى تولۇق ئىشلەشكە مۇۋەپپەق بولۇپ، ئائىلىسى، كىشىلىك جەمئىيىتىگە زور تۆھپە قوشالايدۇ.



مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تەن سالامەتلىك، تەن ساقلىق ھاياتى دۇنيادىكى ئىنسان مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۈنۈملۈك، تولۇق ئادا قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى ۋە مۇستەھكەم ماددىي ئاساسى. شۇڭا دانىشمەن ئاتا- بوۋىلىرىمىز ”تەن ساقلىق- زور بايلىق“، ”ساغلام تەندە ساغلام ئەقىل“، ”تەن ساقلىق- پادىشاھلىق“ دېگەنگە ئوخشاش ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قالدۇرغان.

تەن سالامەتلىك، تەن ساقلىق پەقەت مۇئەييەن ماكان، مۇئەييەن زامان دائىرىسىدە قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك بولۇپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىت، مەنزىل ئۆتۈپ كەتسە، ماكان- ئورۇن ئۆزگەرسە قايتا تەكرارلانمايدۇ.

تەن سالامەتلىك، تەن ساقلىق ئاللاھنىڭ ئىنسانغا بەرگەن ئامانىتى. ئۇ، چەكلىك، مۇددەتلىك، بىرلا قېتىم بېرىلىدىغان ئامانەت بولۇپ، ۋاقتى توشقاندا دەرھال قايتۇرۇپ ئېلىنىدۇ، يەنى قولدىن كېتىدۇ؛ ئۇ، قانداق

uyghurkitap.com



ئىشلەتكەنلىك، ئېمگە سەرپ قىلغانلىق، ئاسرىغان- ئاسرىمىغانلىق، ياخشى ساقلىغان- ساقلىمىغانلىق ھەققىدە ھېساب كىتاب قىلىنىدىغان، قولدىن كەتكەندە پۇشايمان، ھەسرەت- نادامەتلىرى بولىدىغان ئامانەت. ئاللاھ ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»دە ئىنساننى"تەن دۇرۇس"، "ئەزالىرى بېجىرىم"، " قامەتلىرى تۈز"، "سۈرەت- شەكىللىرى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان"لىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئىنسانغا ئۆزى بەرگەن بۇ ئاجايىپ ئېسىل نېمەتنى ياخشى ئاسراش ۋە ساقلاشنىڭ ئەڭ ياخشى يوللىرى، ئەقىلگە مۇۋاپىق چارىلىرىنى ناھايىتى ئوچۇق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ كۆرسىتىپ بەرگەن. تاھارەت بىلەن ناماز ئەنە شۇ جۈملىدىندۇر.

ئىنساننىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىدە"تاھارەت" ۋە"ناماز" كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك خىسلەت ۋە خاسىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئىبادەت جەھەتتىكى يەنى روھىيەت جەھەتتىكى ئەھمىيىتى ۋە تېبابەت، تەن ساغلاملىق تەرىپىدىكى پايدا- مەنپەئەتى ئىنتايىن كۆپ. "تاھارەت"تىن ئىبارەت ئىمان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بۇ ماددىي ۋە مەنىۋى پاكلىق ھەم "ناماز" دىن ئىبارەت روھىي ۋە جىسمانىي ئىبادەتنىڭ شەرىپى بىلەن ئىنسان دۇنيادا ئىمان مىزانى، قەلب پاكىزلىقى، كۆڭۈل شادلىقىغا مۇيەسسەر بولۇپ، غايىلىك، ئىنتىزاملىق ھالدا ساغلام، سالامەت ياشايدۇ.

## تاھارەت ۋە سالامەتلىك

تاھارەتنىڭ مەنىسى پاك سۇ بىلەن بەدەننى پاكىنا ۋە نىجاسەت نەرسىلەردىن پاكلاش، يەنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بەدەن ئەزالىرىنى"يۇيۇش" دېگەنلىكتۇر.

تاھارەت - ئىسلام دىنى ئىبادەتلىرىنى ئورۇنلاشتىكى دەسلەپكى تەييارلىق سۈپىتىدە گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن مۇھىم شەرتنىڭ بىرسى. بولۇپمۇ ناماز ئۆتەش ئۈچۈن چوقۇم تاھارەت بولۇشى كېرەك. تاھارەت ئېلىش ئۆتۈلگەن نامازلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن مەقبۇل بولۇشىدىكى مۇھىم شەرت. ئاشۇ ناماز ئۆتمەكچى بولغان كىشىنىڭ باشقا بارلىق ئوي- پىكىرلەردىن خالاس بولۇپ، ياراتقۇچى پەرۋەردىگارى ئالدىدا ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، پاك ھالدا ۋە توغرا نىيەتتە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىشىدۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
**"جەننەتنىڭ ئاچقۇچى ناماز، نامازنىڭ ئاچقۇچى بولسا پاكلىقتۇر".**
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە تاھارەت بىلەن نامازنى، ناماز بىلەن جەننەتنى بىر بىرىگە ئۇلاش ئارقىلىق، جەننەتكە كىرىشنى ئارزۇ قىلغان ھەر قانداق بەندە ئۈچۈن تاھارەتنىڭ يەنى پاكلىقنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى كۆرسەتكەن.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە «مائىدە» (5-سۈرە) نىڭ 6- ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: **"ئى مۆمىنلەر (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ)، ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار".**

ئاللاھنىڭ بۇ كالامى پەرز بولۇپ، ئىخچاملىنىپ "ئۈچ يۇيۇش، بىر مەسھى" دېيىلىدۇ. ئۇنىڭغا ۋاجىپ ۋە سۈننەتلەر قوشۇلۇپ "تاھارەت ئېلىش" دېيىلىدۇ. تاھارەت ئېلىشنىڭ تەرتىپى مۇنداق:

(1) قولنى ئۈچ قېتىم پاكىز يۇماق؛ (2) "بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم" دەپ باشلىماق؛ (3) تاھارەت ئېلىشنى نىيەت قىلماق؛ (4)ئىستىنجا قىلماق(يەنى ئالدى پېشاب بىلەن كەينى پېشابنى پاكىز سۇ بىلەن ئۈچ قېتىم يۇماق)؛ (5) ئىككى قولنى بېغىشىغىچە ئۈچ قېتىم يۇماق ۋە بارماقلار ئارىسىغا خىلال قىلماق؛ (6)ئاغزىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ چايقىماق(غار-غار قىلماق)؛ (7) بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ مىژ-مىژ قىلماق؛ (8) يۈزنى چاچ چىققان يەردىن باشلاپ، ئوڭ-سول قۇلاقنىڭ يۇمشىقى بىلەن قوشۇپ، ئېڭەكنىڭ ئاستىغىچە ئۈچ قېتىم يۇماق ۋە ئەرلەر ساقىلىغا خىلال قىلماق؛ (9)ئىككى قولنى جەينەك بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇماق؛ (10)باشنىڭ تۆتتىن بىرىگە مەسھى قىلماق؛ (11) ئىككى پۇتنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇماق ۋە پۇت بارماقلىرى ئارىسىغا خىلال قىلماق.

تاھارەت — پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە مۇستەھەبلەردىن تەشكىل تاپقان ئۆلچەملىك، قائىدە- قانۇنىيەتلىك، مۇكەممەل ئىچكى-تاشقى پاكلىق ھەرىكىتى بولۇپ، تاھارەتنىڭ ئىبادەت، دىنىي ئەھكام جەھەتتە ئۆزىگە خاس مۇھىم ئەھمىيىتى، ئېسىل پەزىلەتلىرى ناھايىتى كۆپ بولغىنىغا ئوخشاش، تېبابەت ئىلمى، گىگىيېنا يەنى ساغلاملىق تەربىيىسى جەھەتلەردىمۇ ئۆزىگە خاس ئەھمىيىتى ۋە نۇرغۇن پايدىسى بار.

ئەنئەنىۋى تېببىي قاراش ياكى زامانىۋى تېببىي ئىلىم نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تازىلىق — ئىچكى ئىقتىدار بىلەن تاشقى مۇھىتنىڭ ئۆزئارا، زىچ ماسلىشىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىلدىكى ماسلىشىش ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئىچكى ئىقتىدارى، يەنى بەدەننىڭ ھاياتلىق ئىقتىدارى

ئالاھىدە ياخشىلىنىدۇ. مۇنداق پايدىلىق تەسىرنىڭ كۈچى، سېھرىي ئەھمىيىتى، بولۇپمۇ تاھارەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىنسانغا پايدىلىق رولىنىڭ چوڭلۇقى بارغانسېرى روشەن، ئۇچۇق كۆرۈنمەكتە ۋە ئىسپاتلانماقتا.

ھەر قېتىملىق تاھارەتتە قول ئۈچ قېتىم پاكىز يۇيۇلۇپ، ''بىسمىللا'' بىلەن باشلىنىپ، تاھارەت ئېلىش نىيەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىستىنجا قىلىنىدۇ، يەنى ئالدى پېشاب بىلەن كەينى پېشاب پاكىز سۇ بىلەن ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇلىدۇ. مەلۇمكى، سۇ بىلەن تازىلىنىدىغان بۇ ئەزالار چىقىرىش ئەزالىرى بولۇپ، ئۇلاردىن چوڭ-كىچىك تاھارەت، جىنسىي سۇيۇقلۇق، ئۈچەي ياكى سۈيدۈك يولىدىن كېلىدىغان ھەر خىل ئاجراتمىلار چىقىدۇ. بۇ نىجاسەتلەر شۇ ئەزالارنى ھەمدە ئۇنىڭ ئەتراپىنى بۇلغايدۇ. ئۇنىڭدىكى ھەر خىل مىكروبلار سىرتقى ھاۋا بىلەن ئۇچرىشىپ، يېڭى-يېڭى مىكروب جانلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردىكى مىكروب ۋە پاسكىنا قالدۇقلارنى سۇ بىلەن پاكىز تازىلاشنىڭ ساغلاملىق ئۈچۈن ئەھمىيىتى چوڭ. ناماز ئۈچۈن بولسا، بۇ ئەزالارنى تازىلاپ پاكلاش زۆرۈر. بۇ ئەزالارنى يۇغاندا ئەستايىدىل، شۇنداق پاكىز يۇيۇش كېرەككى، ئۇلارنى تۇتقان قولنى ئېغىزغا تەگكۈزگەندە كۆڭۈل كۆتۈرگىدەك بولۇشى لازىم. ناماز مۇناسىۋىتى بىلەن ئالدى-كەينى پېشابلارنى سۇ بىلەن تازىلاپ تۇرىدىغان كىشىلەردە ئەر-ئاياللاردا ئۇچرايدىغان، كىشىنىڭ جېنىنى كۆپ قىينايدىغان، كۆپ قان كېتىدىغان گېمروي(بۇۋاسىر) كېسەللىكى، مەقئەت ئاقمىسى ... قاتارلىق كېسەللەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. مۇسۇلمان ئەرلەر كىچىكىدە خەتنە قىلدۇرغانلىقى، ناماز مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ ئەزالارنى تازىلاپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەرلەردە زەكەر ئۇچى يەنى خەتنىلىككە سۈيدۈك قالدۇقى، ھەر خىل كىر-پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ كىرىۋېلىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان خەتنىلىك ئەتراپى ياللۇغلىنىش، ھەر خىل ناچار ئۆسمە، تەمرەتكە قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ.

ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمان ئاياللار ئۈچۈنمۇ ئۆزىنىڭ ئىمان-ئېتىقادى بىلەن ئىپپەتلىرىنى ساقلاش، ناماز ئۈچۈن كىچىك تاھارەتنى مۇكەممەل ئېلىشنىڭ خاسىيىتى چوڭ بولىدۇ. ئاياللارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئۆز پاكلىقى بىلەن ياخشى نەسىل تېرىيدىغان مۇنبەت ئېتىزنىڭ كىرىش ئېغىزى بولۇپ، ئاجايىپ قۇدرەتلىك قورال بولغان ئىمان-ئېتىقاد بىلەن ئۇنىڭ پاكلىقى، ساغلاملىقىنى قوغداش كېرەك. تاھارەتنىڭ ئاياللارنىڭ سىرتقى جىنسىي ئەزالىرىنىڭ پاكلىقىدا رولى چوڭ، بولۇپمۇ ھەر خىل يۇقۇملىنىش-ۋوسپىلىنىيەلەرنىڭ، جىنسىي يول ياللۇغى، سۈيدۈك يولى ياللۇغى، بالىياتقۇ بويىنى ياللۇغى ھەمدە تۈرلۈك قىچىشىش، زەمبۇرۇغلۇق، تامچە قۇرتلۇق، ھەرخىل مىكروبلۇق كېسەللەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا نىسبەتەن رولى چوڭ. تېبابەت جەھەتتىكى كۆزىتىشتىن قارىغاندا، مۇسۇلمان بولمىغان ئاياللاردا جىنسىي يول ياللۇغى ئوڭاي ۋە كۆپ پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەرلىرى خەتنە قىلىنمىغاچقا، خەتنىلىك ئەتراپىغا سۈيدۈك قالدۇقى، ھەرخىل كىر-پاسكىنا نەرسىلەر چاپلىشىپ قالغان بولىدۇ. بۇ پاسكىنا نەرسىلەر جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئايالنىڭ ئىچكى جىنسىي ئەزاسىغا كىرىدۇ. بۇ پاسكىنا نەرسىدە كىسلاتا، ئىششقارلىق تەركىبلەر، ھەرخىل مىكروبلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئايالنىڭ ئىچكى جىنسىي ئەزاسىنىڭ شىللىق پەردىلىرىنى غىدىقلايدۇ، مىكروبلاندۇرىدۇ. نەتىجىدە جىنسىي يول ياللۇغى، بالىياتقۇ بويىنى ياللۇغى قاتارلىق كېسەللەر پەيدا بولىدۇ. شۇنداقلا تامچە قۇرۇت جىنسىي يول ياللۇغى كېلىپ چىقىدۇ، ھەمدە بالىياتقۇ راكى پەيدا بولىدۇ. ئىمان-ئېتىقادلىق، تاھارەت ئالىدىغان، ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمان ئاياللاردا بۇ كېسەللىكلەرنىڭ كۆرۈلمەسلىكى ياكى ئاز كۆرۈلۈشى بۇ نۇقتىنى كۈچلۈك پاكىت بىلەن ئىسپاتلايدۇ.

تاھارەتنىڭ ئىستىنجادىن كېيىنكى تەرتىپى—قولنى يەنە بىر رەت ئۈچ قېتىم پاكىز يۇيۇش، قول ئارىلىقلىرىغا خىلال قىلىشتىن ئىبارەت.

قول ئىنسان ئەزالىرى ئىچىدە ئەڭ ھەرىكەتچان ئەزا، شۇنداقلا ئەڭ تېز بۇلغىنىدىغان، ئوڭاي يۇقۇملىنىدىغان، مىكروبلار ۋە پاسكىنا نەرسىلەر بىلەن ئاسان ئۇچرىشىدىغان ئەزا. كىشى قولى ئارقىلىق تاماق يەيدۇ، ئۇسسۇلۇق ئىچىدۇ، ئەمگەك قىلىدۇ، خىزمەت قىلىدۇ، ھەرخىل نەرسىلەرنى تۇتىدۇ. بۇرۇن، كۆز، قۇلاق ۋە باشقا ئەزالارنى تۇتىدۇ، سىيلايدۇ، كولايدۇ. نەتىجىدە ھەرخىل ئاجرالمىلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. يۇقۇملانغان، بۇلغانغان قولدىكى ساناقسىز مىكروبلار قول ئارقىلىق ئېغىزدىن ئۆتۈپ، كىشىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى يۇقۇملاندۇرۇپ، كېسەل قىلىدۇ.

ھازىرقى زامان تېبابەت ئىلمى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئىنسان ھەر كۈنى ياشاش مۇھىتىدا 200 مىليوندىن ئارتۇق ھەرخىل مىكروبلارنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە، مىكروبلار دۇنياسىدا ياشايدۇ. بۇ مىكروبلارمۇ ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق دۇنياسىغا تايىنىپ

www.uyghurkitap.com

ياشايدۇ. ئۇلار بىر- بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، بۇ، ئادەتتە ئېيتىلىۋاتقان ”ھاياتلىق دۇنياسىدىكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق“. ئىنسان يەنە نەچچە مىليون تونىنا چاڭ- توزان، ئۇششاق زەررىچىلەرنىڭ بۇلغىشى، سان- ساناقسىز رادىئاتسىيە(نۇرلىنىش) ئىچىدە تۇرۇپ ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

ئىنساننى ئوراپ تۇرغان تاشقى مۇھىتتىكى مىكروبلارنىڭ %80- %90 ى ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن پايدىلىق، كېسەللىك قوزغاتمايدىغان مىكروبلار بولسىمۇ، لېكىن، %10- %20 كىچە بولغان مىكروبلار، بولۇپمۇ ”ۋىرۇس“ دەپ ئاتىلىدىغان، مىكروبلاردىن نەچچە مىڭ، ھەتتا نەچچە مىليون ھەسسە كىچىك بولغان كېسەللىك قوزغاتقۇچىلار ھاۋادا، تۇپراقتا، ھەر خىل شارائىت، ھەرخىل تېمپېراتۇرىدا ساقلىنىپ، ئادەملەر بار مۇھىتتا ئاسانلا ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، كېسەل يۇقتۇرۇش، كېسەللىك قوزغىتىش رولىنى ئۆتەيدۇ.

”ۋىرۇس“ دەپ ئاتالغان بۇ كېسەللىك قوزغاتقۇچىلار ھەققىدىكى تەتقىقات ھازىرقى زامان مىكروب ئىلمىي تەتقىقاتىدا چوڭقۇرلاشقان، كەڭ دائىرىلىك بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن” ۋىرۇس“ ئارقىلىق يۇقىدىغان، قوزغىلىدىغان بەزى كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇنى قوزغاتقۇچى” ۋىرۇس“لارنىڭ ياشاش شارائىتى، سەزگۈرلۈكى ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقات تېخى تونۇش باسقۇچىدا تۇرماقتا.

گەرچە سىرتقى مۇھىت مىكروبلار، چاڭ- توزانلار، ھەرخىل نۇرلىنىش- رادىئاتسىيە بىلەن بۇلغانغان بولسىمۇ، ماددا ئالمىشىش، تەسىرلىنىش، قوزغىلىشچانلىق ھەمدە ماسلىشىشتەك ئالاھىدە بىرخىل فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ئىنسان ۋۇجۇدى ياراتقۇچى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن سىرلىق، ھېكمەتلىك ھالدا قۇۋۋەتلىك ۋە مۇستەھكەم قىلىپ لايىھىلەنگەن بولغاچقا، سىرتقى مۇھىتتىكى مىليونلىغان مىكروبلار، ھېسابسىز چاڭ- توزان، بۇلغىنىش ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئاسانلىقچە كېسەل بولمايدۇ. بۇنىڭدا بەدەننىڭ ئەسلىدىكى تەبىئىي ئىممۇنىتېت(كېسەلگە قارشى تۇرۇش ) كۈچى، كىشىلەردىكى ئاڭلىق تۈردە ئېلىپ بېرىلغان كېسەللىكتىن ساقلىنىش پائالىيەتلىرى، داۋالىنىش، دورا- داۋا، ھەرخىل كېسەلگە قارشى ۋاكسىنا، ئۇنىڭدىن ئېرىشىلگەن ئىممۇنىتېت كۈچى قاتارلىقلار مۇھىم رول ئوينىغاندىن باشقا، ھەرخىل تازىلىق پائالىيەتلىرى ۋە ئاڭلىق ھالدىكى ئېتىقاد يېتەكچىلىك قىلغان” تاھارەت“نىڭ جۈملىدىن قولنى پاكىز يۇيۇشنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ.

تاھارەتنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەرتىپى — ”ئېغىز چايقاش“دۇر. ئېغىزنى چايقاشتا، ئالدى بىلەن چىشنى يۇيۇش كېرەك.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام چىشنى پاكىزلاشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن ۋە بۇنداق قىلىشنى ئاللاھنى رازى قىلىش دەرىجىسىگە كۆتەرگەن. ئەينى ۋاقىتتا، چىشنى پاكىزلاشتا مىسۋاك ئىشلىتىشنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن ۋە **”مىسۋاك ئىشلىتىڭلار، مىسۋاك ھەقىقەتەن ئېغىزنى پاكىز قىلىدۇ، ئاللاھنى رازى قىلىدۇ“** دېگەن(ئىبنى ماجە رىۋايىتى). ”مىسۋاك ئىشلىتىش“ دېگەن سۆز ھازىرقى مەنىدە ”چىش چوتكىلاش“ دېگەنلىكتۇر. مىسۋاك چىشنى سۈرتىدىغان نەرسە بولۇپ، ئېغىزنى پاكىزلاپ، چىش ئارىلىقىدىكى قالدۇقلارنى تازىلاپ چىقىرالايدىغان ئېراك ياغىچى(مىسۋاك دەرىخى)، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ۋە چىش چوتكىسىدەك نەرسىلەرنى ”مىسۋاك“ ئاتاشقا بولىدۇ. دىيارىمىزدا چۇچۇكبۇيا يىلتىزى دەل ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مىسۋاككا ئوخشايدۇ ۋە ئۇنىڭ رولىنى ئوينىيالايدۇ. دىيارىمىزدا چىشنى ئادالايدىغان مىسۋاك بولمىغانلىقى ئۈچۈن تاھارەتتە ئادەتتە ئېغىزغا قولنى تىقىپ قول بىلەن چىش سۈرتۈپ تازىلىنىدۇ ۋە بۇنداق قىلىش سۈننەت ھېسابلىنىپ ئالاھىدە ئېتىبار قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، چىش-يېمەكلىكنى ئۈزۈش، چايناش، يۇمشىتىش ... قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى بېجىرىدىغان ئەزا بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقلىقى، پارقىراق، جۇلالىق ۋە مۇستەھكەم بولۇشى كىشىنىڭ تەن سالامەتلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. قۇرامىغا يەتكەن نورمال كىشىدە ئۈستۈنكى ئېڭەكتە 16 دانە، ئاستىنقى ئېڭەكتە 16 دانە جەمئىي 32 دانە چىش بولىدۇ.. تاماق يېگەندە چىش ئەتراپىدا نۇرغۇن قالدۇقلار ساقلىنىدۇ. ئۇلار ئېغىزدىكى باكتېرىيەلەر ئارقىلىق چىرىيدۇ. كېچىدە ئېغىزدىكى شۆلگەي بەزلىرىدىن ئايرىلىپ چىققان شۆلگەي، قان قاتارلىقلار ئېغىز بوشلۇقىدا ساقلىنىدۇ. نەتىجىدە ئېغىز پۇراش، غەيرى پۇراق چىقىشتەك ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. مۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، كىشىلەرنىڭ باشقا ئەزالىرىغا يەنى يۈرەك، قان، بۆرەك ... قاتارلىقلارغا تەسىر قىلىدۇ. ھەر تۈرلۈك كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ئېغىزنى، بولۇپمۇ چىشنى پاكلاش ئىنتايىن مۇھىم. چىشنى پاكلىغاندا چىشقا يېپىشىپ قالغان مىكروبلار ھاسىل قىلغان مىتابولىزم مەھسۇلاتلىرىنىڭ چىشنىڭ سىرتقى قەۋىتىدىكى ئېمال ماددىسىنى بۇزۇشتەك رولىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ. ”تاھارەت“ مۇناسىۋىتى بىلەن ئېغىزغا قولنى تىقىپ يۇغاندا

چىش مىلىكلىرىنىڭ قان ئايلىنىش ئىقتىدارىنى ياخشىلاپ، چىشنىڭ مۇستەھكەملىكى، چىشنىڭ پارقىراق، سۈزۈكلىكىنى ساقلاپ قالغىلى، ھەرخىل چىش ئاغرىقلىرىدىن ئۈنۈملۈك ساقلانغىلى، چىشتىن ئۇزاق ۋاقىت پايدىلانغىلى بولىدۇ.

چىشنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئېغىزنى چايقاش كېرەك. ئېغىزنى چايقىغاندا، شۇنداق"غەر- غەر قىلىش" لازىمكى، سۇ ئېغىزدىن كىرىپ يۇتقۇنچاق ئەتراپىغا بېرىشى، ھەتتا كىشى" ھۆ" قىلغۇدەك دەرىجىگە يېتىشى كېرەك.

ئېغىز بوشلۇقى سىرتقى ھاۋا بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان، يېمەك- ئىچمەك بەدەنگە كىرىدىغان، گەپ قىلىدىغان، ئىسسىق- سوغۇق، ئاچچىق- تاتلىقنى تېتىيدىغان بىر ئەزا بولۇپ، ئىنسان ئورگانىزمىنىڭ كىرىش دەرۋازىسى. ئۇ كالپۇك، قوۋۇز، تاڭلاي، چىش، چىش مىلىكلىرى، چىش ئارىلىقلىرى، تىل، ئېغىز بوشلۇقى بەزلىرى(شۆلگەي بەزلىرى )، يۇتقۇنچاق ... قاتارلىقلار ئورۇنلاشقان خېلىلا مۇرەككەپ بىر ئەزا. ئېغىز بوشلۇقى ئېغىزدىكى چوڭ- كىچىك ئېغىز بوشلۇقى بەزلىرى ئىشلەپچىقارغان سۈيۈقلۇق بىلەن دائىم نەملىشىپ تۇرىدۇ. مۇنداق نەملىشىش ئېغىز بوشلۇقى شىلىلىق پەردىلىرىنى ئاسراش، ئېغىز بوشلۇقىنى تازىلاش، يېمەكلىكنى ئارىلاشتۇرۇپ ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش، چايناش مۇسكۇللىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كۈچەيتىش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئېغىز بوشلۇقىدىكى يۇقۇملىنىش، مىكروبلارنىڭ كۆپىيىش شارائىتىنى ئېغىزنى چايقاش ئارقىلىق توسقىلى بولىدۇ. " تاھارەت" مۇناسىۋىتى بىلەن كۈنىگە بەش ۋاخ، جەمئىي 15 قېتىم ئېغىز چايقاپ تۇرغاندا، ئېغىز بوشلۇقىدىكى مىكروبلار، تاماقنىڭ قالدۇقلىرى، ھەرخىل مىكروبلارنىڭ كۆپىيىش شارائىتى توسۇلۇپ، ئېغىز بوشلۇقى، چىش ئەتراپى، يۇتقۇنچاق ئەتراپىدىكى ھەرخىل ياللۇغلىنىشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

تاھارەتنىڭ ئېغىزنى چايقاپ بولغاندىن كېيىنكى تەرتىپى بۇرۇننى چايقاش يەنى مىژ- مىژ قىلىشتۇر.

بۇرۇن نەپەس ئېلىش ئەزاسى، ئۇ سىرتقى بۇرۇن، بۇرۇن بوشلۇقى، بۇرۇن يان كاۋىكى قاتارلىقلاردىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، بۇرۇنغا غايەت نۇرغۇن قىل قان تومۇرلار، پۇراش سەزگۈسىنى سېزىدىغان نازۇك نېرىپ تالالىرى ماكانلاشقان. بۇرۇن ئارقىلىق پۇراش سېزىمى ئىشقا ئاشىدۇ، نەتىجىدە ئىنسان ھەرخىل پۇراقنى ئايرىيدۇ. بۇرۇن مۇھىم نەپەسلىنىش ئەزاسى بولۇپ، مۇنداق نەپەسلىنىش ئارقىلىق بەدەندە ئوكسىگېننى قوبۇل قىلىپ، كاربون VI ئوكسىدىنى چىقىرىۋېتىشتەك يېڭى بىلەن كونىنىڭ ئالمىشىش جەريانى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

بۇرۇن ئارقىلىق نەپەسلىنىشتە بىرىنچىدىن، ئۆپكىگە كىرىدىغان سىرتقى ھاۋا سۈزۈلىدۇ. ئىككىنچىدىن، سىرتقى ئۆپكىگە كىرىدىغان ھاۋا بۇرۇن بوشلۇقىدىن ئۆتۈش جەريانىدا ئىسسىيدۇ. شۇڭا دۇنيانىڭ ئىسسىق بەلۋاغلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ بۇرنى قىسقا، پاناق كەلسە، مۆتىدىل ياكى سوغۇق بەلۋاغدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ بۇرنى يوغان، قاڭشارلىق، كەڭ كېلىدۇ. ئۆپكىگە كىرىدىغان ھاۋانىڭ نورمال تېمپېراتۇرىسى ئالدى بىلەن بۇرۇن ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكى، قايسى شەكىلدىكى بۇرۇن بولسۇن، بۇرۇن بوشلۇقىدا ناھايىتى ئۇششاق تۈكچىلەر، يەنى مويلار، ئىنتايىن يۇمران تۈكتىلەر بولىدۇ. بۇ تۈكچە، يۇمران تۈكتىلەر بۇرۇن ئارقىلىق ئۆپكىگە كىرىدىغان ھاۋادىكى چاڭ- توزان، ئۇششاق زەررىچىلەرنى سۈزۈپ قالىدۇ. بۇرۇندا يەنە شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇ شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بۇرۇن بوشلۇقىنى نەملەشتۈرۈشتىن باشقا بۇرۇندىكى مويلار، تۈكتىلەر يىغالماي قالغان چاڭ- توزانلارنى ئۆزىگە يېپىشتۇرۇپ قالىدۇ. بۇرۇن بىر كۈنلۈكى بىر كىلوگىرام مىقداردا سۇيۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئاز بىر قىسمى بۇرۇن ئارقا قىسمى ئارقىلىق ئېغىزدىن تۈكۈرۈك بىلەن چىقىپ كەتكەندىن باشقا، كۆپ قىسمى بۇرۇن بوشلۇقىدا ساقلىنىپ، ئۆزى يېپىشتۇرۇپ سۈزۈۋالغان مىكروبلارنىڭ قايتا ئۆسۈشى ئۈچۈن مۇنبەت زېمىن بولىدۇ. ئۇلار ۋاقتىدا تازىلىنىپ تۇرۇلمىسا، بۇرۇن ياللۇغى، بۇرۇن يان كاۋاك ياللۇغى قاتارلىق كېسەللەرنى پەيدا قىلىشى، بۇرۇن مېڭىگە يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەل مىكروبلىرى مېڭىگە تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن.

"تاھارەت"دە بۇرۇننى چايقىغاندا چەپ (سول قولنىڭ ئۈچىنى بۇرۇننىڭ ئىككى تۆشۈكىگە كىرگۈزۈپ، كولاپ يۇيۇش ئارقىلىق بۇرۇننى ياخشى تازىلاش كېرەك. بۇرۇنغا 3 قېتىم سۇ ئالغاندا، ھەتتا قاڭشار، كۆز ئەتراپلىرى ئېچىشقۇدەك دەرىجىدە سۇ كىرگۈزۈپ، نورمال كۈچەپ سىرتقا چىقىرىش لازىم. نەتىجىدە بۇرۇن بوشلۇقىغا كىرىپ قالغان چاڭ- توزان قالدۇقلىرى، بۇرۇندا ھاسىل بولغان كېرەكسىز، مەينەت نەرسىلەر پاكىز تازىلىنىدۇ. مۇنداق ئاڭلىق ۋە دائىملىق ھالدىكى تازىلاش- چايقاش ئارقىلىق بۇرۇن بوشلۇقىنىڭ تازىلىقى، ئوچۇق ۋە راۋانلىقى ئىشقا ئېشىپ، بۇرۇننىڭ ھاۋانى سۈزۈش، پۇراق سەزگۈ ئىقتىدارى ئالاھىدە ياخشىلىنىپلا قالماي، بەلكى ھەرخىل

مىكروبلارنىڭ يۇرۇن توقۇلمىلىرى، مېڭە توقۇلمىلىرىنى زەخمىلەندۈرۈشىدىن، ھەر خىل يۇرۇن كېسەللىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

''تاھارەت''نىڭ ئۈنىڭدىن كېيىنكى تەرتىپى — يۈزنى يۇيۇشتۇر. ''يۈزنى يۇيۇش'' يۈزدىكى ئەزالارنى پاكىز يۇيۇش دېگەنلىك بولىدۇ.

''يۈز'' كىشىنىڭ ئىنسانلىق چىراي- قىياپىتى، ئىنسانلىق گۈزەللىكىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۇلۇغ بىر سەھىپە بولۇپ، يۈز كىشىنىڭ جىنسىي، ئىرقىي، يېشى، ھەرخىل پسىخىكا ھالەتلىرى تولۇق ئىپادىلىنىدىغان ئىزنالاردىن گۈل چېكىلگەن سېھىرلىك ئەينەك. شۇنداقلا ئۇ، ھەر بىر كىشىگە تەئەللۇق بولغان خاسلىق ۋە مۇناسىپلىقتا ئىگە تەبىئىي نۇسخا. ئۇ ئاجايىپ سىرلىق ئىلاھىي ئىجادىيەت سەھنىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىنسان زىننەتلىرىدىن بولغان كۆز، قاش، كىرپىك، قاڭشار، بۇرۇن، ئېغىز، قۇلاق ... قاتارلىق ئەڭ نازۇك سەزگۈ، ئالاقە، سىگنال ئەزالىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، پارقىراق، سۈزۈك، ئەۋرىشىم بولغان يۈز تېرىسى بىلەن ئورالغان. ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان بۇ زىننەت سىرتقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن قانچىلىك مۆرەككەپ بولغان بولسا، ئىچكى جەھەتتىنمۇ ئاجايىپ مۆرەككەپ ۋە سىرلىق بىر دۇنيا.

ئاناتومىيىلىك تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئېيتقاندا، يۈز تېرىسىنىڭ ئاستىدا غايەت نۇرغۇن تور كەبى توقۇلغان قان تومۇرلار، قىل قان تومۇرلار، چىراي شەكىللىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ھەر خىل ۋەزىپىدىكى مۇسكۇللار، تېتىش، سېزىش، كۆرۈش، پۇراش، ئاڭلاش نېرۋىلىرىدىن ھاسىل قىلىنغان ئاجايىپ سىرلىق سەزگۈ ئەزالىرى ئورۇنلاشقان. شۇڭا يۈزنى ئىچكى ۋە تاشقى تۈزۈلۈش، خىزمەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىنسان سەزگۈلىرىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى ياكى بىئولوگىيىلىك رادار سىستېمىسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

يۈزدىكى تېرە نېرۋىلىرى ئۈچلۈك نېرۋىدىكى سەزگۈ نېرۋا تالاسى ۋە سىمپاتىك نېرۋا بويۇن ئۈستى تۈگۈنىدىكى قان تومۇرلار ھەرىكەت تالاسىدىن كېلىدۇ. سىمپاتىك نېرۋا تالاسى ئىنساننىڭ يۈز قىسمىغا تارقالغان. شۇڭا يۈز — روھىي ساغلاملىق، جىسمانىي سالامەتلىك، نورمال ماددا ئايلىنىش، ئىرسىيەت، ئۆزگىرىش، ياشاش مۇھىتى ... قاتارلىقلار روشەن ئىپادىلىنىدىغان ئالاھىدە بىر ئەينەك. شۇنداقلا ئىنسان قەلبىدىكى ھەرخىل ھېسسىيات، مېھرى- مۇھەببەت، خۇشاللىق، قانائەت، غەزەپ- نەپرەت، قايغۇ- مۇڭدىن ئىبارەت روھىي ھالەتنىڭ تولۇق ئىپادىلىنىش سەھنىسى. ''تاھارەت'' مۇناسىۋىتى بىلەن''يۈزنى يۇيۇش'' يۈزدىن ئىبارەت ئىنسان زىننەت ئاسراشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى.

يۈز سىرتقى ھاۋا بوشلۇقىدىكى چاڭ- توزان، مىكروبلار ۋە باشقا زىيانلىق نەرسىلەر بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. ھەمدە ئۆزىدىن ئاجرىلىپ چىققان تەر، ياش ھەرخىل تېرە ئاجرالمىلىرى قاتارلىقلار بىلەن بۇلغىنىپ تۇرىدۇ. مۇنداق بۇلغانمىلارنى پەقەت يۇيۇش ئارقىلىقلا تازىلىغىلى بولىدۇ. يۈزنى يۇيۇش خاس ھالدىكى تازىلاشلا بولماي، بەلكى ئۇۋىلاش، غىدىقلاش، سۇ ئارقىلىق ئۇچۇر ئەۋەتىپ قوزغىتىشتۇر. ''تاھارەت''تىن ئىبارەت ئىبادەت شەكلىدىكى دائىمىي پائالىيەت ئارقىلىق يۈز تېرىسىنىڭ پارقىراق، سۈزۈكلىكىنى، يۈز تېرىسى ئاستىدىكى مۇسكۇل، نېرىپ تالالىرىدىكى پەللىلەرنىڭ غىدىقلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، قان تومۇرلارنىڭ ھەرىكەت راۋانلىقىنى ساقلىغىلى، يۈزنىڭ گۈزەللىكى، سېزىمچانلىقى، ئىلاستىكىلىقىنى ياخشىلىغىلى، يۈزدىكى ماددا ئالمىشىش، ھاۋا ئالمىشىشنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. تۇرمۇش ئەمەلىيىتى، تېببىي ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىدىكى تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، يۈزنى يۇيۇشتا لۆڭگە بىلەن يۇيماستىن ''ئېقىتىپ يۇيۇش''نىڭ كۆپ پايدىلىق ئىكەنلىكى روشەنلەشمەكتە. بۇ دەل ئىسلام دىنىنىڭ يۈزنى يۇيۇشتىكى بەلگىلىمىسى.

''تاھارەت''نىڭ'' يۈزنى يۇيۇش'' ھەرىكىتىدە يۈزنى چاچ چىققان يەردىن باشلاپ، ئوڭ- سول قۇلاقنىڭ يۇمشىقى بىلەن قوشۇپ، ئېڭەك ئاستىغىچە ئۈچ قېتىم يۇيۇش لازىم. يۈزنى يۇيۇش جەريانىدا كۆزنى يۇيۇش، يەنى كۆزنىڭ ئىچكى بۇلۇڭلىرىنى يۇيۇش لازىم. بۇ ۋاقىتتا كۆزنى ئېچىپ تۇرۇش، كۆزنى ئۇۋۇلاپ يۇيۇش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن كۆز گىرۋەكلىرىگە يىغىلىپ قالغان ھەرخىل ئاجرالمىلارنى ۋاقتىدا تازىلاش، كۆزنى پاكىز تۇتۇش، كۆزنى سىيلاش ئارقىلىق كۆز ۋە كۆز ئەتراپىدىكى نېرۋىلار، كۆزدىكى قان تومۇرلارنىڭ ھەرىكەتچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

''يۈزنى يۇيۇش'' پائالىيىتىدە، قۇلاقنى يۇمشىقى بىلەن قوشۇپ يۇيۇشمۇ ئالاھىدە مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، قۇلاق ئورۇن ۋە ئاڭلاش ئەزاسى بولۇپ، ئۇ باش قىسىم ئورۇن ئۆزگىرىشىنى سەزگۈچى ئورۇن سېزىم ۋە ئاۋاز دولقۇنىنىڭ غىدىقىنى سەزگۈچى سېزىم ئاپپاراتىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇلاقتا ۋە قۇلاق ئەتراپىغا ناھايىتى نۇرغۇن سەزگۈ نېرۋىلىرى ئورۇنلاشقان

بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورۇنلىشىش زىچلىقى ۋە بۇ نېرۋىلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى مۇبالىغە قىلغاندا، ئۇنى "بەدەننىڭ كونترول تاختىسى" دېيىشكە بولىدۇ. قۇلاقنىڭ ئىچكى قىسمى بولسا ناھايىتى نازۇك ۋە كىچىك ئەزالاردىن تەشكىل قىلىنغان. قۇلاقنىڭ 1/3 قىسمى بىر خىل يېپىشقاق كىر ئايرىپ چىقىدۇ. بۇ كىرلار ۋاقتى-ۋاقتىدا تازىلىنىپ تۇرمىسا، ئۇلار يىغىلىپ كىشىنىڭ ئاڭلاش سېزىمى زىيانغا ئۇچرايدۇ، ھەتتا ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغى ... قاتارلىق خەتەرلىك كېسەللەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

"تاھارەت" مۇناسىۋىتى بىلەن قۇلاق ئەتراپى، قۇلاق سۇپرىسى، قۇلاق يۇمشىقى ... قاتارلىقلارنى يۇيۇپ تازىلاش، قۇلاقنى كوچىلاش، قۇلاقنى سىيلاشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن بەدەن ئەزالىرىنىڭ خىزمىتىنى رەتكە سېلىش، يۇقىرى قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش، چىش ۋە قىزىلئۆڭگەچ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىش، ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ مۇھىم سىگنالى بولغان ئاڭلاش ئىقتىدارىنى ياخشى ساقلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

"تاھارەت"نىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرتىپى — ئىككى قولنى جەينەك بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيۇشتۇر. بۇنىڭ بىلەن قولنىڭ تازىلىقىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، بىلەكنى ئۈچ قېتىم ئارقا ۋە ئالدى تەرەپتىن سىيلاپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ، سۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەرىكەت ۋە تازىلىق رىتىمىنى كۈچەيتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

"تاھارەت"نىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرتىپى — باشنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا ياكى ھەممىسىگە ۋە قۇلاققا مەسھى قىلىش لازىم، يەنى باشنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا، ياكى ھەممىسىگە سۇ تەگكۈزۈپ، چاچنى مالتىلاپ، بەك پاكىز يۇيۇش لازىم.

باشنىڭ تېرىسىگە، يەنى چاچ چىققان جايلارغا ناھايىتى نۇرغۇن نېرىپ ئۇچلىرى جايلاشقان. نۇرغۇن قان تومۇرلار خۇددى تورغا ئوخشاش باشنىڭ تېرىسىنىڭ ئىچكى قىسمىنى قاپلاپ تۇرغان بولىدۇ. ھازىرقى زامان تېببىي ئىلمىدىكى ھەرخىل ئانالىز ۋە خىمىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىنساننىڭ باش قىسمىدىكى چاچ يالغۇز ئىنساننىڭ زىننىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇ ناھايىتى ئىنچىكە، ئۇزۇن تالالىق، مۇڭگۈزسىمان نەيچە ئىنسان ۋۇجۇدى، ئىنسان ۋۇجۇدىنى تەشكىل قىلغۇچى بارلىق ماددىلارنىڭ مىقدارى، بەدەندىكى ھەرخىل فىزىئولوگىيىلىك، پاتولوگىيىلىك ئۆزگىرىش، كېسەللىك تارىخى ۋە نۇرغۇن بەدەن ھادىسىلىرىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر خىل بەدەن ئەۋرىشكىسى. شۇنداقلا ھەر بىر شەخسنى تەتقىق قىلىشقا بولىدىغان، ئۇنىڭ بارلىق كەمتۈكلۈك ۋە ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدىغان خاس نۇسخا، يەنە كېلىپ تەبىئىي كىملىك ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلمەكتە.

"تاھارەت" مۇناسىۋىتى بىلەن سۇ ئارقىلىق ۋە بارماقلارنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق بولىدىغان بۇ ئاددى ۋە يەڭگىل ئەمەل باشنىڭ تېرىسىنى، باشنى، باشتىكى چاچنى تازىلاش ياكى نەم قىلىشلا بولماي، بەلكى باش قىسمىدىكى نېرىپ ئۇچلىرىغا مۇناسىپ سىگنال يەتكۈزۈش، ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، مېڭىگە يېقىن بولغان نېرۋا تۈگۈنلىرىنى قوزغىتىپ، مەركىزى نېرۋا سىستېمىسى، مېڭە توقۇلمىلىرىنىڭ خىزمىتىنى جانلاندۇرۇپ، روھىي كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، پىسخىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ھەمدە چاچنى ئاسراش، چاچنىڭ پارقىراق، ئەۋرىشىم ۋە قېنىقلىقىنى ساقلاش، مۇددەتتىن بۇرۇن چاچ چۈشۈش، تاقىر باش بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشنىڭ چارىسى. شۇڭا، باشنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ياكى ھەممىسىگە ھەمدە قۇلاققا مەسھى قىلىش، ساقلى بار ئەرلەرنىڭ ساقىلىغا ھۆل قولى بىلەن خىلال قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ.

"تاھارەت" تەرتىپىنىڭ ئاخىرقىسى — پۇتنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدىن ئوشۇقىچە يۇيۇشتۇر.

پۇت ئىنساننىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەزاسى، بەدەننىڭ بارلىق ئېغىرلىقى پۇتقا چۈشىدۇ. ئۇ بەدەننى ئۆمۈر بويى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان مۇستەھكەم تۈۋرۈك. ئۇنىڭ رولى بەدەننى تېرەپ تۇرۇش ھەمدە بەدەننى يۆتكەشتىن ئىبارەت. ئىنسان پۇتى بىلەن دەسسەپ، ئۆرە تۇرىدۇ، پۇتى ئارقىلىق مېڭىپ، ھەرىكەتلىنىدۇ. پۇت مۇشۇ جەرياندا تۇپراق، ئۆزىدىن ئاجرىلىپ چىققان تەر ۋە كىر بىلەن ئۇچرىشىدۇ، پۇت بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن ھەرخىل ئاجرالمىلار چىقىدۇ، نەتىجىدە پۇت بۇلغىنىدۇ. ھازىرقى زامان تېبابەت ئىلمى ۋە ئەنئەنىۋى تېبابەت قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، "پۇت ئىككىنچى يۈرەك" دېيىلىدۇ. بۇ پۇتنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە پۇتنى ياخشى ئاسراشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا پۇتنى ياخشى ئاسراش، پۇتنى پاكىز ساقلاش لازىم.

"تاھارەت"نىڭ تەلىپى بويىچە، پۇتنى، پۇتنىڭ ئوشۇقى، بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىنى چالا قويماي، ئوشۇقىچە بولغان قىسمىنى پاكىز تازىلاش — پۇتتىن ئىبارەت ھەرىكەت ئەزاسىنى ياخشى ساقلاشنىڭ شەرتى.

www.uyghurkitap.com

پۇت يۇرەكتىن يىراق بولغاچقا، ئىنسان ئۆرە تۇرۇپ تۇرلۇك پائالىيەتلەر ئېلىپ بارىدىغان بولغاچقا، تۇرلۇك ماددىلار، ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلىنىشتە ئاسان توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. كىشىنىڭ تېنى زەئىپلەشسە، ياش چوڭىيىپ قالسا، ھەمىشە ئۆرە تۇرۇپ ئۇزاق ۋاقىت پائالىيەت قىلسا، پۇتتىكى قان ئايلىنىش تەسىرگە ئۇچراپ، پۇت ئاسان توڭىدۇ، قان ئايلىنىش نورمال بولماي، تومۇرلار كۆپۈپ، پۇت ئاسان ئىششىپ قالىدۇ. شۇڭا پۇتنى ئىسسىق ساقلاش، پاكىز ساقلاش، ''تاھارەت'' مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنى تازىلاپ، غىدىقلاپ، پۇتتىدىكى قان تومۇرلارنىڭ راۋانلىقى، قان ئايلىنىشنىڭ نورماللىقىنى ساقلاش لازىم. پۇتنى مۇنداق تازىلاش ئارقىلىق پۇتتا پەيدا بولىدىغان ھەرخىل تەمرەتكە، يامان سۇپەتلىك قاداق، ھەرخىل ياللۇغلىنىشلاردىن ساقلانغىلى، پۇتنىڭ ئۇششاق بارماقلىرى ئارىلىقلىرىغا كىرىۋالىدىغان كىر ۋە مىكروبلارنى تازىلاپ، ئۇلارنىڭ پۇتنى زەخىملەندۇرۇشى، تىرناق ئەتراپىدا بولىدىغان سەينەك، ھەر خىل قىچىشقاق، تىرناق ئەتراپى ياللۇغى ... قاتارلىق كېسەللىكلەردىن ساقلىنىپ، پۇتنىڭ ھەرىكەتچانلىقى، كۆتۈرۈشچانلىق ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىدىن ئۇزاق مۇددەت پايدىلانغىلى بولىدۇ. پۇتتىكى تېرە ئاستىدا نۇرغۇن نېرىپ ئۇچلىرى بولۇپ، ئۇلار''تاھارەت''تە يۇيۇلىدىغان جايلارغا كۆپرەك مەركەزلەشكەن. بىر قىسىملىرى بولسا تىز بىلەن ئوشۇق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. سۆڭەك سىستېمىسى، ئۇچەي، نېرۋا سىستېمىسى، ئومۇرتقا رايونى، ئاشقازان، ئۈيقۇلۇق ( ئاشقازان ئاستى بېزى )، ئۆت خالتىسى، قالقانسىمان بەز، قورساق قىسىم نېرىپ تۈگۈنلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان نېرىپ ئۇچلىرى ئوڭ پاقالچاقتا، مېڭە خىزمىتى، ئىچكى ئاجراتمىلار فۇنكسىيىسىنى تەرتىپكە سالىدىغان، ئۆسۈشنى كونترول قىلىدىغان نېرىپ ئۇچلىرى سول پاقالچاقتا تارالغان بولىدۇ.''تاھارەت'' ئارقىلىق يۇقىرىقى نېرىپ ئۇچلىرى غىدىقلىنىپ، ئاكتىپلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت فۇنكسىيىسى ئالاھىدە ياخشىلىنىدۇ.

'' تاھارەت'' تەرتىپىدىكى پاكىز سۇ بىلەن تەرتىپلىك، دائىملىق، ئۆلچەملىك ھالدىكى يۇيۇش، تازىلاش ھەرىكىتى ئىنسان ئەزالىرىنىلا يۇيۇش بولۇپ قالماي، بەلكى بۇ ئەزالارنى ئوراپ تۇرغان تېرىنى يۇيۇش، تېرە ئاستىدىكى ئادەمنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ تېرە بىلەن ئاجرالماس، كۆپ قاناللىق، قوش تەرەپلىك يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان ئالاھىدە نېرىپ ئۇچلىرىنى ھەرىكەتلەندۇرۇش ۋە ''زەرەتلەش'' بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تېرە بەدەننىڭ توسۇقى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھاپىزەت رولىدىن باشقا يەنە سېزىم، ئاجرىتىش، چىقىرىش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەشكە قاتنىشىش ... قاتارلىق خىزمەت ۋەزىپىسى بار. تېرە ئىنسان بەدىنىنىڭ سىرتقى قەۋىتى، پوستى ھەمدە ئۇنى ئوراپ تۇرىدىغان ئالاھىدە بىر خىل سەزگۈ ئەزاسى. ئۇنىڭغا ناھايىتى نۇرغۇن سەزگۈ نېرىپ ئۇچلىرى تارقالغان بولۇپ، كۆپ خىل سېزىملارنى سېزەلەيدۇ ۋە كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرى تېگىش سېزىمى، بېسىلىش سېزىمى، تېمپېراتۇرا سېزىمى ۋە ئاغرىق سېزىمىدىن ئىبارەت.

ساق ۋە ساغلام تېرە بەدەننىڭ سىرتقى مۇھىتتىن كېلىدىغان خەۋپ- خەتەردىن ساقلايدىغان ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە قالقىنى بولۇپ، ساق ۋە ساغلام تېرىدىن ھەر قانداق كېسەللىك قوزغاتقۇچى مىكروب بىۋاستە ھالدا بەدەنگە كىرەلمەيدۇ. بىر قىسىم مىكروبلار ھەتتا ساق ۋە ساغلام بولغان، پاكىز تازىلانغان تېرىگە يېقىنلىشىشتىن قورقىدۇ.

تېرىدە مول ماي بەزلىرى، تەر بەزلىرى، تۈك خالتىلىرى بولىدۇ. ئادەمنىڭ تېرىسىدە تەخمىنەن 20 مىليون ئەتراپىدا تەر تۆشۈكچىسى بولىدۇ. بۇ تۆشۈكچىلەر ئارقىلىق ھەر كۈنى 15 مىڭچە كېرەكسىز ماددا بەدەن سىرتىغا چىقىپ كېتىدۇ. بۇ تۆشۈكچىلەر ئىسسىقلىقنى تارقىتىۋېتىپ، بەدەننىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش رولىنى ئۆتەيدۇ. ئەڭ يېڭى بايقاشلاردىن قارىغاندا، ئىنسان بەدىنىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ئوكسىگېننىڭ مەلۇم پىرسەنتى تېرە ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىكەن. شۇڭا پۈتۈن بەدەن تېرىسى، يۈز تېرىسى، ھەر قايسى ئەزالارنىڭ تېرىلىرىنى چاڭ- توزان، تەر، ماي ۋە ھەر خىل ئاجرالما، تېرە ئاجرالمىلىرى ... قاتارلىقلارنى سۇ بىلەن ھەر بىر قېتىملىق ئىبادەت ئۈچۈن پاكىز تازىلاپ تۇرۇش كېرەك. بۇ تېرىنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل بەدەننىڭ ساپاسىنى ياخشىلاشقا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە، يەنە''غۇسلى''نىڭ ئەھمىيىتى چوڭ.

'' غۇسلى'' ئادەتتە''چوڭ تاھارەت'' دېيىلىدۇ. ئۇ پاكىز سۇ بىلەن بەدەننىڭ ھەممە يېرىنى يۇيۇش، دېگەنلىك. شەرىئەتتە بەلگىلىنىشىچە، ئەر- خوتۇن بىر ياستۇقتا بولغان، ئېھتىلام بولغان، ئاياللار ئادەت كۆرگەن ياكى تۇغۇتتىن پاكلانغان چاغلاردا چوقۇم غۇسلى قىلىشى كېرەك، بۇ پەرزدۇر. جۈمە كۈنى، ھېيت كۈنى، ھەجدە ئېھرامغا كىرىش ئالدىدا ۋە مېيىت يۇيۇش ۋاقتىدا مېيىت

يۇغۇچىنىڭ غۇسلى قىلىشى سۈننەتتۇر. ئۇنىڭدىن سىرت، ئىسلام دىنىغا يېڭىدىن ئىمان ئېيتقۇچىلارمۇ غۇسلى قىلىشى كېرەك.

غۇسلىنىڭ ئاساسلىق تەلەپلىرى مۇنداق: قولىنى يۇيۇپ بولۇپ ئاۋۋال غۇسلىغا نىيەت قىلىش، ئاندىن ئېغىزغا ھەلقۇمغا بارغۇچىلىك سۇ توشقۇزۇپ غەر- غەر قىلىش؛ بۇرۇنغا دىماغقا بارغۇچىلىك سۇ توشقۇزۇپ، كۆچەپ سىرتقا چىقىرىش(ئېغىز-بۇرۇنغا سۇ ئېلىشنى ئۈچ قېتىمدىن قىلىش)؛ ئاندىن ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ بەدەننىڭ ھەممە يېرىنى ئالا قويماي يۇيۇشتىن ئىبارەت. پۈتۈن بەدەننى يۇيۇشنىڭ تەلىپى شۇكى، نىجاسەت جايلار، بارماق ئارىلىقلىرى، چاچنىڭ تۈۋىگىچە، ئىككى قۇلاقنىڭ ئىچى ۋە تېشى، قولتۇق، كىندىك، ئەۋرەتلەر ۋە ئەتراپى، ئارقا-ئالدى پېشاب ئەزاسى، پۇت-قول قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تولۇق يۇيۇلۇشى كېرەك. دېمەك، ’’غۇسلى‘‘ كەڭ كۆلەملىك تازىلىق ھەرىكىتى ۋە ئىبادەتنىڭ تەييارلىقى بولۇپ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئۇسۇل- تەرتىپلىرى بار.

ساغلاملىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، ’’غۇسلى‘‘ بىلەن بەدەندىكى مەينەتچىلىكنى چىقىرىپ تاشلاپ، تېرىنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلىغىلى، پۈتكۈل بەدەندىكى تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ تولۇق ئېچىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، تېرىنىڭ تەر چىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، قان ئايلىنىشىنى تېزلەتكىلى، شۇنىڭ بىلەن سۇ ئارقىلىق ئۇچۇر ئەۋەتىپ، كىشىنىڭ روھىي- پسىخىكا جەھەتتىكى كەيپىياتىنى تەڭشەپ، جىددىيلىكنى پەسەيتىپ، ھاردۇق چىقىرىش، كۆتۈرەڭگۈ، روھلۇق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئىسلام دىنى پاكىزلىققا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان دىن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: ’’**پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر**‘‘ دېگەنىدى. ئىسلامدىكى پاكىزلىق بەدەن پاكىزلىقى، قەلب پاكىزلىقى ۋە مۇھىت پاكىزلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. غۇسلى قىلىشقا تېگىشلىك ئامىللار كۆرۈلمىگەن تەقدىردىمۇ، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ كەم دېگەندە ھەپتىدە بىر بەدىنىنى سۇغا سېلىشى پەرز ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: ’’**بالاغەتكە يەتكەن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ يەتتە كۈندە بىر قېتىم يۇيۇنۇپ تۇرۇشى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىدۇر**‘‘ دېگەنىدى( بۇخارى رىۋايەت قىلغان ). ھەتتا تىرناق ئېلىپ تۇرۇشمۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم بىر تەشەببۇسى ۋە بەدەن پاكىزلىقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ’’**بەش تۈرلۈك ئىش سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىشلار: خەتنە قىلىش، سۈننەت قىلىش (ئەۋرەت تۈكلىرىنى تازىلاش)، بۇرۇتنى قىرقىش، تىرناق ئېلىش ۋە قولتۇق ئاستىدىكى تۈكلەرنى يۇلۇش**‘‘ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). تىرناقنى ئۇستۇرۇۋەتكەندە، تىرناق ئەتراپى، تىرناق ئاستىغا نۇرغۇن مىكروبلار كىرىۋالغان بولىدۇ. 40% كىشىنىڭ قولى ۋە تىرنىقى ئارىسىدا چوڭ ئۈچەي تاياقچە مىكروبى بولىدۇ. لابراتورىيىلىك تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، بىر گرام تىرناق كىرىدە 3 مىليارد 800 مىليون دانە 30 نەچچە خىل باكتېرىيە، ۋىرۇس، ھەرخىل پارازىت قۇرۇت لىچىنكىلىرىنىڭ بولىدىغانلىقى بايقالغان. بۇلار قول ئارقىلىق ئېغىزدىن كىرىپ، ھەرخىل كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ھەرخىل قورساق ئاغرىقى، ئىچى سۈرۈش، مىكروبلۇق ۋە قان تولغاق قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ يول بىلەن يۇقىدۇ. شۇڭا تىرناق ئېلىپ تۇرۇشنى پۈتۈن بەدەن ئەزالىرى تازىلىقىنىڭ بىرقىسمى دەپ قاراش كېرەك.

مەيلى ’’تاھارەت‘‘تە بولسۇن، ’’غۇسلى‘‘دە بولسۇن، بەلگىلەنگەن بەدەن ئەزالىرى ۋە پۈتكۈل بەدەننى سۇ بىلەن يۇيۇشتىن ئىبارەت’’ تازىلىق‘‘ ھەرىكىتىنىڭ ئۆلچىمى، قېتىم سانى ۋە مىقدارى بار. ’’تاھارەت‘‘ تەرتىپىدىكى ماددىلارنىڭ بىر قىسمى ئەمەلىي پائالىيەت يەنى بەدەن ئەزالىرىنى تازىلاش، تاشقى پاكىزلىققا قارىتىلغان بولسا، يەنە بىر قىسمى ئىبادەت ئۈچۈن نىيەتنى، روھىي دۇنيانى، قەلبنى پاكىزلاشقا قارىتىلغان. بۇ ’’بىسمىللاھ‘‘ دەپ باشلاش ۋە’’نىيەت قىلىش‘‘تىن ئىبارەت. بۇ ئىككى ماددا بەدەننى پاكلاش ۋە قەلبنى پاكلاشنىڭ زۆرۈر شەرتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ’’**كىمكى تاھارەت ئالسا ۋە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلسا، ئۇ پۈتۈن بەدىنىنى پاكلايدۇ. كىمكى تاھارەت ئالسا ۋە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلمىسا، ئۇ پەقەت تاھارەتتە يۇيۇشقا تېگىشلىك يەرلەرنىلا پاكلايدۇ**‘‘( ئىمام دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان ).

’’تاھارەت‘‘ تەرتىپىدىكى تازىلىق ھەرىكىتى پۈتكۈل بەدەندىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە، ئىنساننىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىدىكى ئەڭ ھەرىكەتچان، سەزگۈ سېزىمى يۇقىرى، نازۇك ئەزالىرىنىڭ تازىلىقىنى ياخشىلاش ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مەقسەت يالغۇز ’’ناماز‘‘ ئۈچۈن پاكلاش بولۇپلا قالماي، بەلكى قەلبنى، روھنى پاكلاپ، ئاللاھقا يۈزلەنگەن قەلب ئۈچۈن پۈتكۈل بەدەننى خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

(ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدىن؛
رەتلەپ تولۇقلاپ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئاياللارنىڭ ئەقلى كەممۇ؟

## بىر ھەدىس توغرىسىدا چۈشەنچە

شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد داموللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

جەمئىيەتتە "خوتۇن كىشى دېگەن دوزىخىي" دەيدىغان گەپ بار. بۇ مەسىلىگە جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ئەبۇ سەئىد ئەل خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى بىر ھەدىس ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل يۈرگۈزۈپ بېقىشنى مۇۋاپىق دەپ قارىدىم. ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربان ھېيت (ياكى روزا ھېيت بولۇشىمۇ مۇمكىن) كۈنى ھېيتگاھقا چىقتى. ئاياللارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: **"ئى ئاياللار جامائەسى، سەدىقە قىلىڭلار، سىلەر ماڭا دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپرەكى بولۇپ كۆرسىتىلدىڭلار"** دېدى، ئۇلار: "بۇ نېمە سەۋەبتىن ئى رەسۇلۇللاھ؟" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"تولا لەنەت قىلىسىلەر، ئەرلىرىڭلارغا تۇزكورلۇق قىلىسىلەر. قابىل ئەرنىڭ ئەقلىنى كەتكۈزۈۋېتەلەيدىغان سىلەردىن باشقا ئەقلى ۋە دىنى كەم بىراۋنى كۆرمىدىم"** دېدى. ئۇلار: 'دىنىمىزنىڭ ۋە ئەقلىمىزنىڭ كەملىكى قانداق گەپ، ئى رەسۇلۇللاھ؟" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ئايال كىشىنىڭ شاھادىتى ئەر كىشىنىڭ شاھادىتىنىڭ يېرىمىغا تەڭ ئەمەسمۇ؟"** دېدى. ئۇلار: "شۇنداق" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"مانا بۇ ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ كەملىكىدىن ئەمەسمۇ؟ ھەيزدار بولۇپ قالسا ناماز ئوقۇمايدۇ، روزا تۇتمايدۇ ئەمەسمۇ؟"** دېدى. ئۇلار: 'شۇنداق' دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"مانا بۇ ئۇنىڭ دىنىنىڭ كەملىكىدىن ئەمەسمۇ؟!"** دېدى (بۇخارى رىۋايىتى).

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېيت نامىزىغا كەلگەن ئاياللار جامائىتىگە **"سەدىقە قىلىڭلار، سىلەر ماڭا دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپرەكى بولۇپ كۆرسىتىلدىڭلار"** دېگەنلىكى دوزاختا ئاياللار كۆپرەك كىرىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى ھەدىسنىڭ مەزمۇن سىياقى بۇنى تەقەززا قىلمايدۇ. بەلكى ئاياللارنى سەدىقە قىلىش ئارقىلىق دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ. چۈنكى **"سەدىقە ئاللاھنىڭ غەزىپىنى پەسەيتىدۇ"** (تىرمىزى رىۋايىتى). خۇددى ئاللاھ تائالا: **"(ئى مۇھەممەد) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن"** {سۈرە «تەۋبە» (9-سۈرە)، 103-ئايەت} دېگەندەك، سەدىقە گۇناھى مەئسىيەتلەرنى يۇيىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى ئۇلار ئاسان سادىر قىلىپ قويىدىغان غەيۋەت-شىكايەت ۋە ئەرلەرنىڭ ئەجىر-مېھنىتىنى قەدىرلىيەلمەسلىكتەك گۇناھلارنى قىلماسلىققا، قىلىپ تاشلىغان بولسا، سەدىقە-ئېھسان قىلىش ئارقىلىق تەۋبە قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ھەدىستە ئاياللارنى ئەقلىي ئاجىزلىق بىلەن خاراكتېرلەش بىلەن بىرگە، ئەرلەرنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى بىلەنمۇ خاراكتېرلەيدۇ. چۈنكى ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆزىگە

مەنسۇپ بولۇشىنى، داۋاملىق ھەمراھ بولۇشىنى، ئۇنىڭ سايىسىدا قوغدىلىنىشىنى، ھىمايە قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ ئەرلەرنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى بار، بۇ ئىقتىدار ئاياللارنىڭ ئەرلەرنى ئۆزلىرىگە قارىتىدىغان ئاياللىق تەبىئىتى بىلەن ھەم جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتلەردە ئەرلەردىن نىسبەتەن ئاجىز بولىدىغانلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى ئاياللار ئەرلەرنىڭ قوغداش ئوبيېكتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەرلەرنى جىنسىي جەھەتتە چەكلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزلىرىگە بۇرايدۇ.

مەزكۇر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللارنى ئەقلىي كەملىك بىلەن خاراكتېرلىشى ھەرگىزمۇ ئاياللارنىڭ ئەقلى مۇتلەق كەم دېگەن مەنىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئاياللار ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتە نىسبەتەن ئاجىزراق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا ئەرلەرنىڭ ئەقلى-ھوشىنى لال قىلىدىغان، شۇنداقلا مانا مەن دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ ئەقلىنى ئىزتىراپ قىلىدىغان بىر خىل مەپتۇنكار سېھرىي كۈچ ۋە جەزبىي ئىقتىدار بېرىلگەن، يەنى ھەر جەھەتتىن كېلىشكەن بىر يىگىتنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن نىسبەتەن ئاجىز بولغان بىر قىزغا يېلىنىپ ئاھ ئۇرۇشلىرى، ياش تۆكۈشلىرى كىشىنى شۇنداق ئويغا سالىدۇكى، نېمە ئۈچۈن ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردە كۈچلۈك بولغان بىر يىگىت ئاشۇ جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتلەردە ئاجىز بولغان بىر قىزنى مۇتلەق بويسۇندۇرالمايدۇ؟ يەنە نېمە ئۈچۈن ئەل ئىچىدە ”ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن“ دېگەن ماقال ئومۇملىشىپ قالىدۇ؟!

گېرمانىيە ئايال يازغۇچىسى ئىستىرفىلار مۇنداق دېگەن ئىكەن: ”ئەگەر جىسمانىي كۈچ بىرەر جەمئىيەتتە بېسىم ۋە ھۆكۈمدارلىقنىڭ ئاملى دېيىلسە، ئەلۋەتتە جىسمانىي كۈچ بىر جىنسنى يەنە بىر جىنسقا بويسۇندۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ“ (رامىزان بۆتى«ئايال»دېگەن كىتابتىن).

بىزگە مەلۇم، پسىخولوگىيە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاياللار ئەرلەردىن ھېسسىيات جەھەتتىن كۈچلۈك، ئەقلىي جەھەتتە نىسبەتەن ئاجىز، ئەرلەر ئاياللاردىن ئەقلىي جەھەتتە نىسبەتەن كۈچلۈك، ھېسسىيات جەھەتتە ئاجىز، دېمەك ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ئاشۇنداق مۇكەممەل، ئىنچىكە مۇۋازىنەت مەۋجۇت. بۇ ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرى بىلەن بەختلىك ئۆتەلىشىنىڭ سىرىدۇر.

بىر قىسىم پسىخلوگلار: ”ئەر-ئاياللارنىڭ ئەقلى ئىقتىدارى ئوخشاش. بىراق، ئاياللارنىڭ ئەقلى ئىقتىدارىنى ھېسسىيات بېسىپ چۈشكەن بولىدۇ، ئەرلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئەقلىي ئىقتىدار بېسىپ چۈشكەن بولىدۇ. بۇ ئەقلىي ئىقتىدار پەرقى بولماستىن، بەلكى ھېسسىيات پەرقىدۇر“ دەپ قارايدۇ. مەيلى نېمىلا بولسۇن، ھېسسىيات پەرقى ئەقلىي ئىقتىدارغا بولغان تەسىرىدە كۆرۈلگەچكە، پەرق يەنىلا ئەقلىي ئىقتىدار پەرقى ھەم ھېسسىيات پەرقىدىن ئىبارەت.

ئەگەر ئايال كىشى ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتە، يەنى چوڭقۇر پەلسەپۋى، مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىشتا قابىلراق، ھېسسىيات جەھەتتە، مېھرى-مۇھەببەتتى سۇسراق، گۇمانىي سەزگۈسى ئاستىراق بولغان بولسا، ئەر كىشى بەختسىز بولۇپ قالغان بولاتتى، ئايال زاتى بىلەن بىرگە ياشاش كۆڭۈلسىز، زېرىكىشلىك بولغان بولاتتى، ئەرنىڭ بەختى ئايالدىن يىراقلىششىتا، ئاجرىششتا بولغان بولاتتى. ئەگەر ئەر كىشى ئايال كىشىدەك ھېسسىياتى نازۇك، گۇمانىي سەزگۈسى تېز، پىكرى سۇسراق بولسا، ئايال ئەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزى ئارزۇ قىلىپ ئىزدەيدىغان ئەرلەرگە خاس ماتانەت، ھامىيلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۆرمىگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشىيالمىغان بولاتتى. بۇ خىل ماھىرانە ئورۇنلاشتۇرۇش ئەر-ئايال بىر-بىرىنىڭ خاراكتېرىنى، تەبىئىتىنى، خۇسۇسىيىتىنى ئۆزئارا چۈشىنىپ، بىر-بىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى، نۇقسانىيىتىنى تولۇقلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىلاھىي ھېكمەتتۇر. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىدىكى كەم ۋە ئاجىز بولغان تەرەپنى تولۇقلايدىغان ۋە كۈچەيتىدىغان يەنە بىر تەرەپنى بايقايدۇ. بۇ ئەمەلىيەت ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئاجايىپ ھېكمەتلەرگە تويۇنغان جىنسىي باراۋەرلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئاياللار ئۆزلىرىگە خاس تەبىئەت، خاراكتېر بىلەن خاراكتېرلەنگەن چاغدىلا ئاندىن ئەرلەر ئۈچۈن ئىنتايىن گۈزەل، جەلپكار ئوبيېكت بولالايدۇ. ئەرلەرمۇ ئەرلىك تەبىئىتى بىلەن خاراكتېرلەنگەندىلا ئاياللار ئۈچۈن ناھايىتى مەردانە، قابىل، زەبەردەس ئوبيېكت بولالايدۇ. يەنى بىر-بىرىگە ئىنتىلىدۇ، بىر-بىرىگە شۇنچە يېقىملىق، شۇنچە سۆيۈملۈك كۆرۈنىدۇ. شۇڭا ئاياللار، مەن ئىزدەيدىغان ئەر ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى بىلەن مېنى قوغدىيالايدىغان بولسا، مەن ئۇنىڭ قامىتى ئاستىدا

www.uyghurkitap.com

سايىدايدىغان بولسام دېسە، ئەرلەر، ئايالىم ئەخلاقلىق، ئىستائەتمەن، قانائەتچان، مېھرىبان، نازاكەتلىك بىر ئايال بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشىسام، دېيىشىدۇ. ئايال كىشى ئۆزىنى ئېرىنىڭ ياخشى كۆرۈپ ھەم قوغلىشىپ ئېرىشكەن بولۇشىنى، ئېرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ شۆھرەت تېپىشىنى، ئېرىنى باشقىلارنىڭ ھۆرمەتلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ھەم شۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدۇ، شۇنىڭغا يېقىپ ئېرىگە كۆڭلىدىن ئورۇن بېرىدۇ. ئەر قانچىكى دۇرۇس، پەزىلەتلىك بولۇپ ھۆرمەت تاپسا ئايالمۇ ئۇنى شۇنچە ھۆرمەتلەيدۇ، ئەكسىچە، ئەر تۇرۇپ ئەردەك بولالمىسا، چاكىنا بولسا ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىدۇ ھەم ئۇنى ھۆرمەتلىمەيدۇ.

يۇقىرىقىدەك تەھلىلگە ئاساسلانغاندا، ئايال ئەردىن جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتە ئاجىزراق، ئەمما ئايال بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىنى كەمسىتىلگەندەك ھېس قىلمىسا، بەلكى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاياللىقىنىڭ ئالامىتى دەپ قارىسا مۇۋاپىق. ئاياللىق ئالامەت ئەمەلىيەتتە ئەرنى جەلپ قىلىشنىڭ ۋە ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلدىغان بىرەر ھامىينى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ۋاستىسىدۇر.

يۇقىرىدا بىز ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئەقلىي (ياكى ھېسسىيات) پەرقىنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىپ يەتتۇق. ئەمدى ئايالنىڭ دىنىي كەملىكى ھەققىدە توختىلىپ باقايلى:

دىنىي كەملىك ئىككى خىل مەنىگە تەتبىقلىنىدۇ: بىرىنچى، دىنىي كەملىك دېگەندە مەلۇم ئامىللار تۈپەيلىدىن دىنىي جەھەتتىكى مەجبۇرىيەتلەرنىڭ كەملىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى كەملىك (سەۋەبىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) مۇكەللەپ (دىنىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش يېشىغا توشقۇچى)نىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. ئىككىنچى: دىنىي كەملىك دېگەندە سۇسلۇق، مەسئۇلىيەتسىزلىك، يەنى ئىمانى زەئىپ بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، مۇكەللەپ بۇنىڭدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىش-قىلماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بۇ جەھەتتىكى كەملىكتە مۇكەللەپنىڭ مەسئۇلىيىتى بار بولغان بولىدۇ. بوۋاق ياكى تېخى بالاغەت يېشىغا توشمىغان بالىمۇ دىنى كەم دېيىلىدۇ. بۇ دېگەنلىك ئۇ گۇناھ قىلىدۇ، ئۇنىڭدا مەسئۇلىيەتسىزلىك ياكى ھۇرۇنلۇق قىلىش كەيپىياتى مەۋجۇت دېگەنلىك ئەمەس. تېخى ئۇ چوڭ ئادەملەردىنمۇ ئەستايىدىلراق بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بالىغا دىنىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش ۋەزىپىسى يۈكلەنمىگەنلىكتىن، ئۇ بالا بىرىنچى مەنىگە ئاساسەن دىنى كەم دېيىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا سەل قاراپ سۇسلۇق بىلەن ئەمەلىي ئىبادەت قىلغۇچى ھەم دىنى كەملىك بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. لېكىن ئۇ بۇ خىل ئەھۋالدا ئۆز ئىختىيارلىقى ۋە ئەركىنلىكى بىلەن دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىشتا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشنى خالايدۇ. ئۇنىڭ دىنى كەملىكى ئۆزىنىڭ دىنى كەملىكى (ئىمانىنىڭ سۇسلۇقى) سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ بۇ خىل خاراكتېردىكى مەسئۇلىيەتسىزلىككە ئۆزى جاۋابكار بولىدۇ، ئۇنداق كىشى ئىككىنچى مەنىگە ئاساسەن دىنى كەم دېيىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ھەدىستە ئاياللارنى خاراكتېرلىگەن خاراكتېر — دىنىي كەملىكتىكى بىرىنچى مەنىگە تەتبىقلىنىدۇ، يەنى ئاللاھ تائالا ئاياللارنىڭ بىر قىسىم دىنىي ۋەزىپىلىرىنى يېنىكلەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ زىممىسىدىن بىر قىسىم دىنىي ئەمەللەرنى ساقىت قىلغان. دېمەك ئۇلارنىڭ دىنىي ۋەزىپىلىرى ئەرلەرگە نىسبەتەن ئاز، ئۇلاردىن ھەيز، نىفاس(تۇغۇتلۇق) مەزگىللىرىدە ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ. لېكىن بۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ئازراقمۇ كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ. چۈنكى بۇ يەردىكى دىنى كەملىك ئاياللارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى( ئىمانى سۇسلۇقى)گە ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ زىممىسىدىن بەزى مەجبۇرىيەتلەرنى يېنىكلىتىۋەتكەنلىكىگە ياكى بەزى مەجبۇرىيەتلەرنى ساقىت قىلىۋەتكەنلىكىگە قارىتىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاياللار دىنىي كەملىك بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ دىنىي مەجبۇرىيەتلىرى، ۋەزىپىلىرى ئاز(كەم) دەپ قارىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "**مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر-بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن**" {سۈرە «ئال ئىمران»(3-سۈرە)، 195-ئايەت}. "**ئەر-ئاياللاردىن مۆمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ)**" {سۈرە «نىسا»(4-سۈرە)، 124-ئايەت}. بۇ ئايەتلەردە ئەر- ئايالنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنىڭ باراۋەرلىكى، ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن، ئاياللارنىڭ ئەرلەردىن ھەرگىز ئۈستۈن بولالمايدىغانلىقى، يەنى ئاياللارنىڭ ئەجرى ئۇلارنىڭ ئايال بولغانلىقلىرى ئۈچۈن كېمەيتىۋېتىلمەيدىغانلىقى، كەم بولۇشىدىن

قەتئىينەزەر ياخشى ئىشلارنىلا قىلىدىكەن ئۇنىڭ ئەجرىگە ئۆزى ئېرىشىدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

يۇقىرىقى ئايەت ياخشى ئەمەللەرگە قارىتىلغان بولغاچقا، ئاياللار ھەيز، نىفاس كۈنلىرىدە ئەجرى-ساۋابتىن مەھرۇم قالىدۇ دېيىلىشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى گەپ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ئەمر-پەرمانلىرىغا بويسۇنۇش ئەجىر-ساۋابنىڭ مەنبەسىدۇر (شەرتىدۇر). بويسۇنۇش دېگەنلىك قىل دېگەننى قىلىشلا بولماستىن، بەلكى قىلما دېگەننىمۇ قىلماسلىقتۇر. ئاياللار ھەيز-نىفاس كۈنلىرىدە ناماز ئوقۇماسلىققا، روزا تۇتماسلىققا بۇيرۇلغان. ئاياللارنىڭ بۇيرۇققا بويسۇنۇپ ناماز ئوقۇماسلىقى، روزا تۇتماسلىقى باشقىلارنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتا ناماز ئوقۇغىنىغا، روزا تۇتقىنىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشقا، ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە قىزغىنلىق بىلەن ئىنتىلىدىغانلا بولسا، ئوخشاشلا ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئەگەر ئاياللار ھەيز، نىفاس مەزگىلىدە ناماز ئوقۇمايدىغان، روزا تۇتمايدىغان بولىدۇم دەپ پاسسىپلىق قىلسا ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىلمەيدۇ. بۇنىڭدا نىيەت، ۋىجدان، ئىرادە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ھەدىستە ئاياللارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى تەبىئىتى، خاراكتېرى ۋە ئۇلارنىڭ رېئال ئەمەلىيىتى بىلەن سۈپەتلىگەن ۋە خاراكتېرلىگەن بولۇپ، قانداقتۇر ئۇنىڭدا ئاياللارنى كەمسىتىش، ھاقارەتلەش، سەل چاغلاش خاھىشى (مەنىسى) يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى تەبىئىتىنى، خاراكتېرىنى، پسىخىك ئالامەتلىرىنى، ئارتۇقچىلىقلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى تونۇتۇپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا، ئاجىزلىقلىرىنى يېڭىشكە ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىشقا، شۇنداقلا ئەرلەرنى ئاياللارنىڭ مەزكۇر تەرەپلىرىنى تولۇق تونۇپ، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا يېتەكلەش ئارقىلىق ئىنسان روھىنى قېزىش ۋە چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. مۇشۇ ۋەجىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل ئوخشىمىسىزلىقلار، ھەر خىل ئاچچىق تراگېدىيەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىنىڭ تەبىئەتلىرىنى چۈشەنمەسلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## ئىران قۇم كۇتۇپخانىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى مەملىكىتىمىزدە زىيارەتتە بولدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، دوكتور سەيىد مەھمۇد مىرئەشى نەجەفى ئۆمەك باشلىقى، مۇھەممەد ئەلى تەبرىزىيان مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولغان ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىران قۇم بۈيۈك ئايەتۇللا مىرئەشى نەجەفى كۇتۇپخانىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى 2005-يىل 4-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە مەملىكىتىمىزنىڭ بېيجىڭ، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلىرىدە دوستانە زىيارەتتە بولدى؛ ۋەكىللەر ئۆمىكى 4-ئاينىڭ 21-كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىراننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ مەدەنىيەت كونسۇلى ئاقاجارىنىڭ ھەمراھلىقىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن ئۆمەك ئەزالىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەم ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى. ۋەكىللەر ئۆمىكى زىيارەتتە بولغان جايلىرىدا داڭلىق مەسچىتلەر، دارىلفۇنۇن، ئاسارە-ئەتىقە ئورۇنلىرى، مۇزېي، كۇتۇپخانا ۋە بەزى سانائەت ئورۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇلارنىڭ بۇ زىيارىتى جۇڭگو ۋە ئىران مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئالاقىنى كۈچەيتىش ھەم دوستلۇق ۋە چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئالاھىدە رول ئوينىدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ھاجى بارات رەجەپ ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن بېيجىڭ ۋە باشقا ئۆلكىلەردىكى زىيارەتتە باشتىن ئاخىر بىللە بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurbook.com

# مەشھۇر دىنىي ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ۋە ئۇنىڭ «نەسىھەتى ئاممە» ناملىق رىسالىسى ھەققىدە مۇلاھىزە

ئابدۇلۋاھىد خۇداۋەردى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئابدۇقادىر داموللام كۆپچىلىك ئالىم-ئۆلىمالار تەرىپىدىن بۈيۈك ئالىم دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ، نام-شەرىپى دائىم ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام ھىجرىيە 1279-يىلى (مىلادى 1862-يىلى) قەشقەر ئاتۇشنىڭ مەشھەد يېزىسىدىكى ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بالىلىق، ياشلىق دەۋرلىرىدە ئۆز يۇرتىدا ئىگىلىگەن بىلىمگە قانائەت ھاسىل قىلماي، پەيغەمبىرىمىزنىڭ **"ئىلىم يىراق چىندا(يەنى جۇڭگودا) بولسىمۇ بېرىپ تەھسىل قىلىڭلار"** دېگەن ھەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، دىنىي ئىلىمدە كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلىپ، ئەينى يىللاردا "سەمەرقەند سەيقەلى ئالەم، بۇخارا قۇۋۋەتى ئىسلام(سەمەرقەند ئالەم ئۈزۈكىنىڭ كۆزى، بۇخارا ئىسلامنىڭ قۇۋۋەتى)" دەپ شەرەپلىك نام ئالغان بۇخاراغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ يەردە ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن سەمەرقەند، ئۇفالاردا بىر مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلغان. كېيىن تاشكەنت، خوجەند، قازان، ئىستانبۇل قاتارلىق جايلاردا ساياھەتتە بولۇپ، 1907-يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. ئابدۇقادىر داموللام ئۇزاق مەزگىل ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيەلەرنى ئايلىنىش، كۆزىتىش جەريانىدا تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق خېلىدىن بېرى ۋىجدانىنى ئازابلاپ كەلگەن بىر مۇنچە سوئاللارغا جاۋاب تاپقانىدى. ئۇ ئىسلام ئەللىرىدە زىيارەتتە بولغان مەزگىللەردە ئۆزى بىلەن زاماندىش مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىدىن جامالىددىن ئافغانى(1839-1893)، مىسىرلىق شەيخ مۇھەممەد ئابدۇ(1849-1905) قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق تېخىمۇ قۇۋۋەت تاپقانىدى. ئۇ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان، ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ئىسلاھات ئىدىيىلىرى، ئىلغار ئىش-پائالىيەتلىرى ئەينى دەۋردىكى مۇتەئەسسىپلەرنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئارىدىن 11 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1918-يىلى ھەج پەرزىنى ئادا قىلغاچ ئىككىنچى قېتىم ھىجرەت قىلىپ تاشكەنت، شەمەي، ئۇفا، قازان، ئۇرال، تۈركىيە، ھىجاز، مىسىر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئۇ يەردىكى ئالىم-ئۆلىمالار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغان. ئۇ مۇشۇ جەرياندا مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىش سەۋەبلىرىنى تولۇق چۈشەنگەنىدى. ئۇ 1920-يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، ئىسلامنىڭ ئەسلى ھالىتىنى كەڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئاممىسىغا كۆرسىتىپ بېرىش، مىللەتنى خار-زەبۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەسكىن كۈرەشنى باشلىۋەتكەن. «نەسىھەتى ئاممە» ناملىق ئۆلمەس رىسالە مانا مۇشۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەنىدى.

مەن بۇ رىسالىنى مەزمۇن تەرتىپى بويىچە تۆۋەندىكىدەك بەش قىسىمغا بۆلۈپ مۇھاكىمە قىلماقچىمەن:

رىسالىنىڭ 1-قىسمى مۇنداق بايان قىلىنغان:

ئىسلامىيەت ئالىمىنىڭ دانىشمەنلىرى، دىيانەت دۇنياسىنىڭ ئىخلاسمەنلىرىگە روشەن ۋە ئوچۇق بولسۇنكى، ھازىر ھەم كەلگۈسىنىڭ بەخت-سائادىتى، شاراپىتى(شان-شەرىپى) ئىمان(نىيەت) ۋە ياخشى ئەمەل(ياخشى ئىش)لارنى قىلىش بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس قانۇنى بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىر قانچە يېرىدە ئىمان(نىيەت)نى ياخشى ئەمەل(ياخشى ئىش) بىلەن بىرلەشتۈرۈش ھەققىدە، يەنى نەزەرىيىنى پايدىلىق ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئالاھىدە ئايەتلەر كەلتۈرۈلگەن.

ھەرقانداق بىر ئەمەل(ئىش) ياخشى نىيەت بىلەن بولمىسا، ئۇ قىلچە پايدا بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى يامان ئاقىۋەتكە گىرىپتار قىلىدۇ. ئىمان(نىيەت) قانچە ياخشى بولغىنى بىلەن، ئۇ پايدىلىق ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە كامالەتكە يېتەلمەيدۇ.

بۇ سىرلاردىن مۇتىۋەر پېشقەدەملىرىمىز ۋە بۇرۇنقى ئالىملىرىمىزمۇ خەۋەردار بولۇپ، پۈتۈن غەيرەت-شىجائىتىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، ئۇنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشقا، ئىسلام ھەقىقىتىنى تەشۋىق قىلىشقا ۋە ئىسلامىيەتنىڭ چاقىرىقلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا سەرپ قىلىشتى.

ئەنە شۇنداق ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ كۆرسەتكەن غەيرەت-شىجائەتلىرى نەتىجىسىدە مۇقەددەس ئىسلام دىنى پۈتكۈل ئالەمگە نۇر چېچىپ، ھەقنى ناھەقتىن ۋە ناھەقنى ھەقتىن ئايرىپ، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى تامامى ئالەمگە ئاشكارا قىلدى.

ئىتتىپاقلىق، ئىلىم-مەرىپەت، ئىنساپ ۋە ئادالەت ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ، جەبىر-زۇلۇم، ئىختىلاپ، ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە ئىلىمسىزلىك(جاھالەتلەر) زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. ئىسلامنىڭ ئابرۇيى ۋە ھەيۋىتىدىن ئۇنىڭغا خىلاپلىق ئىش قىلغۇچىلارمۇ ھەيرانلىق ھەم غەم-ئەندىشە ئىچىدە قالدى. بۇ بولسىمۇ «قۇرئان كەرىم»دە كۆرسىتىلگەن، پەيغەمبىرىمىز ئەينەن يەتكۈزگەن ياخشى ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسى ھەم خاسىيىتىدىندۇر. بىز نۆۋەتتە بۇ ياخشى ئەمەللەرنىڭ يوللىرىنى بايان قىلىشنى توغرا تاپتۇق. دىنى ئىسلامنىڭ يولباشچىسى «قۇرئان كەرىم»دە كۆرسىتىلگەن ياخشى ئەمەللەر مۇنۇلار. ئىخلاس(ھەر ئىشنى جان-دىلى بىلەن ئورۇنداش)، تازىلىققا رىئايە قىلىش، ئىبادەت(ھەققە بويسۇنۇش)، ئىتتىپاقلىق، ئۇيۇشقاقلىق، نەسىھەت(ئەلگە مەرىپەت قىلماق)، دوستلۇق، ئىنساپ ۋە ئادالەت، كەڭچىلىك، دىلنى خىيانەت ۋە ئاداۋەتتىن پاك قىلىش، سېخىيلىق، ئىسلاھ قىلىش(يېڭىلىققا يۈزلىنىش) روھى بولۇش، چىدامىلىق ۋە ئېغىر-بېسىق بولۇش، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولۇش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش ۋە ياردەم بېرىش، ياخشى ئىشلارغا ئىنتىلىش، ئېھتىياتچان ۋە ئىشەنچلىك بولۇش، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىش، ئىنسانىي مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈش، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، كۆيۈمچانلىق، ساداقەت، كەڭ قوللۇق، ساخاۋەت، ياخشىلىق، تەدبىرچانلىق، راستچىللىق، ھەر ئىشنى توغرا يولىيورۇقتا بىنائەن قىلىش، ياخشى يولغا مېڭىش، يامان يولدىن قايتىش قاتارلىقلار ئىسلامىيەتتە بۇيرۇلغان ياخشى ئەمەللەردۇر. ئۆتكەندە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ياخشى ئەمەللەر بارلىق ئەھلى ئىسلامغا ئۆزلىشىپ، ھەممە كىشى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى قىلغان. ئىشلار بولسا «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ ۋە مۇنەۋۋەر پېشقەدەملەرنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە يولىيورۇقى بويىچە بولغاندى. غەلىبە ۋە يېتەكچىلىكمۇ ئەھلى ئىسلامنىڭ مەخسۇس نېسىۋىسى بولۇپ، **”ئىززەت-ھۆرمەت ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە خاستۇر“**دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىگە مۇۋاپىق ئىش بولغاندى.

ئابدۇقادىر داموللام رىسالىسىنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدا «قۇرئان كەرىم»دە تەكرار-تەكرار قەيت قىلىنغان، بارلىق مۇسۇلمانلار بىلىشكە ۋە شەرتسىز ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ياخشى ئەمەللەرنى ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن شەرھلەپ بەرگەن. ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:**”ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارغا كەلسەك، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ، بۇ روشەن مۇرادقا يېتىشتۇر“**{سۈرە«جاسىيە»(45-سۈرە)، 30-ئايەت}. مۇشۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەر «قۇرئان كەرىم»دە ناھايىتى كۆپ تەكرارلانغان. ئەمەلىيەتتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە بارلىق مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ تۇتقان يولى مۇشۇ ئايەتلەرنىڭ ھۆكمى بويىچە بولغاندى. شۇڭلاشقا ئىسلام دىنى ئەينى چاغدا غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئىگە بولغاندى.

ئابدۇقادىر داموللام توشقان ئىسلام ئالىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن رىسالىسىنىڭ 1-قىسمىدا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام نۇرىنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىپ ئىنسانلارنى ھىدايەت يولىغا باشلىغاندىن تارتىپ تاكى ئابدۇقادىر داموللام ياشىغان، دۇنيادىكى ھەممە ئىسلام ئەللىرىدە ئىسلام دىنى خارلىققا يۈزلىنىۋاتقان دەۋرگىچە بولغان

ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياننى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشتىكى تۈپ سەۋەبلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىدۇ.

رىسالىنىڭ 2 ـ قىسمىدا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

*قاچانكى ئەھلى ئىسلامنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلۇپ، ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشتا نۇقسان يەتتى، (شۇندىن كېيىن) ئىتتىپاقلىق يوقالدى، ھورۇنلۇق ۋە بىكارچىلىق، زۇلۇم ۋە خىيانەتچىلىكلەر مەيدانغا چىقتى. ئىلىم-مەرىپەت كېمەيدى. پۈتكۈل ئەھلى ئىسلامنىڭ شۆھرىتى يوقىلىپ، خار-زارلىقتا يۈزلەندى.*

*پېشىۋالىرىمىزنىڭ ئەخلاقى ۋە ئەسەرلىرى ئۇنتۇلۇپ، خۇراپاتلىق(ئىلىمگە خىلاپ بۇزۇق ئىشلار) باش كۆتۈردى. ئىززەت-ئابرۇيلار قولدىن كەتتى. ئەجنەبىيلەر ۋەتىنىمىزگە قول ئۇزاتتى. **"ھەر قانداق ئەل ئۆز ئابرۇيىنى ئۆزى يوقاتمىغىچە ئاللاھ ئۇنى يوقاتمايدۇ"** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاندى. ئىنساپ بىلەن ياخشى مۇلاھىزە قىلساق، بۇنداق يامان ئاقىۋەتكە ئۆز قىلمىش-ئەتمىشلىرىمىز ۋە ئىسلامىيەتنىڭ يولىيورۇقلىرىغا ئەمەل قىلالمىغانلىقىمىز سەۋەبچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن بىز پەرىشانلىق ۋە خار-زارلىقتا، ئازاب-كۈلپەت، غەم-ئەندىشىگە گىرىپتار بولۇپ، پۇشايمان ۋە ھەسرەت-نادامەت چەكمەكتىمىز. (ھازىر زىرائەت(دېھقانچىلىق)، سودا-سانائەت جەھەتلەردە باشقا مىللەتلەردىن تۆۋەن تۇرماقتىمىز.*

ئابدۇقادىر داموللام رىسالىسىنىڭ بۇ قىسمىدا بىر نەچچە يۈز يىل مابەينىدە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ چۈشكۈنلىشىش، مەھكۇملۇققا يۈزلىنىش سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىدۇ ھەم ۋەتەنداشلىرىنىمۇ مۇشۇ ھەقتە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە دالالەت قىلىدۇ.

مەيلى قاچان ۋە قايسى ئەلدە بولمىسۇن، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا شۇنداق بىر ئورتاق تارىخىي قىسمەت باركى، ئۇلارنىڭ خارلىققا يۈزلەنگەن دەۋرى دەل ئۇلارنىڭ ئىسلامنىڭ ئەسلى ھالىتىدىن، يەنى ئاللاھ ھەق كىتاب«قۇرئان كەرىم»دە كۆرسىتىپ بەرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمەل قىلغان ۋە بۇيرۇغان ھەق يولدىن چەتنىگەن دەۋرىدۇر، ئەقىدە ـ ئېتىقادى سۇسلىشىپ، مال ـ دۇنياغا، ھاۋايى ھەۋەسكە ئۆزىنى ئۇرۇشقا باشلىغان دەۋرىدۇر. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا بىر قېتىم شۇنداق بولغانىدى. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ئۇھۇد غازىتىدا غەلىبىگە ئېرىشىپ بولغان مۇسۇلمانلار ئولجىلارنى يىغىۋېلىش، كۆپرەك مال ـ دۇنياغا ئېرىشىش ئارزۇسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداشنى،

دۈشمەنلەرگە قوغلاپ زەربە بېرىپ ئۇلارنى [illegible] كېيىل مەغلۇپ قىلىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانلىقتىن [illegible] مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. ئەگەر شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، بەلكىم ئىسلام دىنى تۈنجۇقۇپ قالغان بولاتتى. ئاللاھ شۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنى مۇسۇلمانلارغا چوڭ ئىبرەت قىلغان. شۇندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشچىلىقىدا ۋە توغرا يولدا ماڭغان خەلىپىلەر — ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ دەۋرىدە ئىسلام دىنى ناھايىتى تېز قۇدرەت تېپىپ پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىغا ئومۇملىشىپ، ئۇنىڭدىنمۇ ھالقىپ ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىگىچە كېڭىيەلىگەن. ئەپسۇسكى، شۇندىن بىر نەچچە يۈز يىللار كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادى سۇسلىشىپ باردى. مۇسۇلمانلار روھى جەھەتتىن نامرات، بىلىمسىز، چۈشكۈن بولۇپ، خار ۋە پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئىسلامنىڭ تارىختىكى شان ـ شۆھرىتى ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئابدۇقادىر داموللام رىسالىسىنىڭ بۇ قىسمىدا بۇنىڭ سەۋەبىنى ناھايىتى ياخشى كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ يەردە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ يەنە بىر مەشھۇر ئەسىرى «ئاقائىد زۆرۆرىيە»دىكى مۇنۇ بايانلارنى نەقىل كەلتۈرۈش مۇۋاپىق بولسا كېرەك:

*سوئال. مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا بائىس(سەۋەب) نېمىدۇر؟*

*جاۋاب. ئىككى نەرسىدۇر. بىرى، جاھالەت(بىلىمسىزلىك) ۋە نادانلىقتۇر؛ ئىككىنچىسى، تەپرىقچىلىك(ئىتتىپاقسىزلىق) ۋە ئىختىلاپتۇر. ھەر قانداق قەۋم ۋە ھەر مىللەتنىڭ زەبۇن بولۇشىغا سەۋەب نادانلىق ۋە ئىتتىپاقسىزلىقتۇر.*

*سوئال. ئىززەت-ئابرۇي ۋە كۈچ-قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر؟*

*جاۋاب. ئىلىم-مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن جانابى ھەق بىزلەرنى ئىتتىپاقلىققا ئەمر قىلغاندۇر. **"ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار"** {سۈرە«ئال ئىمران»(3-سۈرە)، 103-ئايەت}.*

رىسالىنىڭ 3 ـ قىسمى مۇنداق بايان قىلىنغان:

*كېلىڭ ئەي قېرىنداشلار! ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيالىق بۇرادەرلەر! ئىسلامنىڭ ئىلگىرىكى تەرەققىياتىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلايلى، ھازىرقى تۆۋەنلىكىمىزنىڭ ئۆزىمىزدىكى ئۈمىدسىزلىك، ھورۇنلۇق ۋە*

*جۈرئەتسىزلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ناچار ئەخلاقتىن يېنىپ، دىنى ئىسلامنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئىش قىلالايلى. «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىنى خالايىققا ئەينەن يەتكۈزىدىغان ئالىملىرىمىزنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، ئۇلارغا ئۇمىد باغلايلى. ئالىملىرىمىزمۇ زېممىسىدىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ يەتسۇن. ئۇلۇغ پېشۋالىرىمىزنىڭ تەلىماتلىرىنى ھەر مەجلىس ۋە سورۇنلاردا بايان قىلسۇن. خەلق ئاممىسىغا ياخشى-يامانىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي تەربىيە بەرگەندىن تاشقىرى، زامانىۋى يېڭى يوللارنى كۆرسەتسۇن. چۈنكى ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىز باسارلىرىدۇر. شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز يېتىم-يېسىر، غېرىپ-غۇرۋالارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۆشرە-زاكات، سەدىقە-ئېھسان ۋە ماددىي ياردەملەرنى ئاجرىتىپ، قولىدىكى ئىقتىسادنىڭ سەرپىياتىنى توغرا باشقۇرسۇن. خەلق ۋە مىللەتكە شۇنداقلا ئەلگە خىزمەت قىلسۇن.*

ئالىم رىسالىسىنىڭ بۇ قىسمىدا ناھايىتى مۇھىم ئىككى مەزمۇننى ئوتتۇرىغا قويغان. بىرى، ئىسلام ئالىملىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ھۆكۈم چىقىرىدىغانلارنىڭ ئارىسىدا ئالدى بىلەن ئىلىم ئۆگەنگەن، ئىلىم ئۆگەتكەن ۋە قۇرئان ئوقۇغان ئادەم بولۇپ كەلتۈرۈلىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا نېمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ ئادەم: 'ئىلىم ئۆگەندىم، ئىلىم ئۆگەتتىم، سېنى دەپ قۇرئان ئوقۇدۇم' دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: 'يالغان ئېيتتىڭ، ئىلىمنى سەن باشقىلار ئالىم دېسۇن دەپ ئۆگەندىڭ. قۇرئاننى سەن باشقىلار قارى دېسۇن دەپ ئوقۇدۇڭ' دەيدۇ. ئاندىن ئۇنى يۈزىنى تۆۋەن قىلىپ سۆرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىشقا بۇيرۇيدۇ“** (مۇسلىم رىۋايىتى).

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**سىلەر پادىچىغا ئوخشايسىلەر. ئۆزەڭلارنىڭ پادىلىرىڭلارغا مەسئۇل بولۇڭلار. ئەمىر پۇقرالارنىڭ پادىچىسى، ئۇ پۇقرالارغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك. ئەرلەر ئائىلە ئەزالىرىنىڭ پادىچىسى، ئۇمۇ ئائىلە ئەزالىرىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك. خىزمەتچىلەر خوجايىنىنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنىڭ پادىچىسىدۇر، ئۇمۇ مال-مۈلۈكلەرگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. بىلىڭلاركى، سىلەر ھەممىڭلار پادىچى، ئۆزەڭلارنىڭ پادىلىرىغا مەسئۇل بولۇڭلار“** (بۇخارى رىۋايىتى).

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆتكەن بىر-ئىككى ئەسىرلىك تارىخىدىن ئاز-تولا خەۋىرى بار كىشىلەرگە ئايانكى، ئەينى چاغدا قەشقەردە ياكى باشقا ئىسلام ئەللىرىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئۇزۇن مۇددەت ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئىلىمنىڭ چوڭقۇرلۇقى جەھەتتىن ئابدۇقادىر داموللامدەك خېلى مول بىلىمگە ئىگە بولغان ئالىم-ئۆلىمالىرىمىز مەيلى ئاتۇش، قەشقەردە ياكى دىيارىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدا بولسۇن خېلى كۆپ بولغان. ئەمما ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى مەۋلىۋى، مەخسۇم، داموللا، قارى، خەلپەت، قازى، مۇپتى، ئىمام، شەيخ، موللا، ئەئلەم، پىر-ئىشان، خاتىپ، مۇدەررىس دېگەندەك دىنىي ئۇنۋان-ئىمتىيازلارغا ياكى باشقا ئەمەل-مەنسەپلەرگە ئېرىشىپ ياكى شۇلارغا ئېرىشىشنى ياشاشتىكى بىردىنبىر مەقسىتى قىلىپ، ئۇنىڭغا ئېرىشكەندىن كېيىن بولسا ئازغىنە ئىلىمدىن مەست بولۇپ خۇدىنى يوقىتىپ، بارغانسېرى تەكەببۇرلىشىپ، نەپسىگە قۇل بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىدە ئىسلامىيەت ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن تىلغا ئالغۇدەك بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىپ بېرەلمەي، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بەرگەن نېمەتلەرنى ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن زايا قىلىۋەتكەن.

ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىن تا ھازىرغا قەدەر ئىسلامنىڭ ئەسلى ھالىتىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۆز قەۋمىنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان ئابدۇقادىر داموللامدەك ئىسلام ئالىملىرى ھەر ماكان، ھەر زاماندا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز زىممىسىدىكى ئاللاھ تائالا يۈكلىگەن مەجبۇرىيىتىنى تولۇق تونۇپ ۋە ئادا قىلىپ تۇرمىغان بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ بۈگۈنكىدەك ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا ۋە باشقا قىتئەلەردىكى شۇنچە كۆپ دۆلەت، شۇنچە كۆپ مىللەتلەر ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن، مۇسۇلمانلار دۇنيا نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىرىنى ئىگىلىگەن ھازىرقىدەك ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

رىسالىنىڭ بۇ قىسمىدىكى ئىككىنچى بىر مەزمۇن: مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالا بەرگەن ئىقتىسادىي بايلىقلىرىنى قانداق ئىشلارغا سەرپ قىلىش مەسىلىسى.

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

**”ئىسلام دىنى بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلغان: ئۇ بولسىمۇ: بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى دەپ كەلىمە شاھادەت ئېيتىشتىن، پەرز نامازلارنى ئادا**

www.uyghurkitap.com

**قىلىشتىن، زاكات بېرىشتىن، ھەج قىلىشتىن ۋە رامىزان روزىسى تۇتۇشتىن ئىبارەت”** (بۇخارى رىۋايىتى).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”باي كىشىلەرنىڭ قىيامەت كۈنى ساۋابى ئاز بولىدۇ. پەقەت ئاللاھ كۆپ مال بەرگەن، ئۇ مالنى ئوڭ تەرىپىدىنمۇ، سول تەرىپىدىنمۇ، ئالدىدىنمۇ، كەينىدىنمۇ سەدىقە قىلغان، ئۇ كۆپ مال ئارقىلىق نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشى بۇنىڭ سىرتىدا”** (بۇخارى رىۋايىتى).

يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ روھىدىن مەلۇمكى، ئىمان ئېيتقان ھەر بىر مۇسۇلمانغا ئىسلام دىنىنىڭ بەش ئاساسىنىڭ ئىككىسى، يەنى زاكات بىلەن ھەج مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئىقتىسادىنى قانداق ئىشلارغا سەرپ قىلىش توغرىسىدىكى پەرز ئەمەللەردۇر. بولۇپمۇ زاكات ئىبادىتى مۇسۇلمانلار ئۆزئارا قېرىنداشلىق مېھىر-شەپقىتى يەتكۈزۈش، بېيىغاندا نامراتلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىق، ئۇلارغا مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈش، ئۆز ئېھتىياجىدىن ئوشۇق ئىقتىسادىنى قىيىنچىلىقتا قالغان مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىپ تۇرۇش، قىسقىسى قولىدىكى جىمى مال-دۇنياسىنى ئۆمۈر بويى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن سەرپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن نۇرغۇن ساھابىلەر ئۆز ھاياتىدا مال-دۇنيانى ھەرگىز دوست تۇتمىغان، بەلكى ئىلكىدىكى مال-دۇنيالىرىنى ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىدىكى ئامانىتى دەپ بىلىپ، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن سەرپ قىلىشقان. شۇڭا ئىسلام دىنى ئەينى چاغدا شۇنچە تېز قۇدرەت تاپقانىدى. ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردە مۇسۇلمانلار مال-دۇنياغا ھېرىس بولۇپ كەتتى. ئاخىرەت يۇرتىنى ئاز ئويلىدى. ئاللاھ تائالانىڭ مال-دۇنياغا بېرىلمەسلىك توغرىسىدىكى بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلمىدى. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **”سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەڭ ياخشى ھېسابلىنىدىغانلار مېنىڭ دەۋرىمدىكى كىشىلەردۇر. ئاندىن قالسا ئۇلاردىن كېيىنكى دەۋرلەردە كېلىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلاردىن قالسا ئۇلارنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان كىشىلەردۇر”** دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: **”سىلەردىن كېيىن شۇنداق بىر ئادەملەر مەيدانغا كېلىدۇكى، ئۇلار خىيانەتكار، ئىشەنچسىز، گۇۋاھلىققا تارتىلمايدىغان، ۋەدىگە ۋاپا قىلمايدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلاردا سېمىزلىك ئاشكارا بولىدۇ”** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن يىراقلاشقانسېرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدە-ئېتىقادى شۇنچە سۇسلىشىپ باردى. ئىسلامنىڭ تارىختىكى شان-شۆھرىتى ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. مۇسۇلمانلار روھىي جەھەتتىن نامرات، بىلىمسىز ۋە پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى مال-دۇنياغا ئوشۇقچە بېرىلگەنلىك، دۇنيا راھىتىنى ئاخىرەت يۇرتىدىن ئۈستۈن كۆرگەنلىكىدىندۇر.

ئابدۇقادىر داموللام ياشىغان زاماندا نۇرغۇن بايلار ئىلكىدىكى مال-دۇنياسىنى ھەشەمەتلىك ئۆي-ئىمارەت، يەر-زېمىن سېتىۋېلىشقا، تېخىمۇ كۆپلەپ مال-دۇنيا يىغىشقا، تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۆز بايلىقىنى كۆز-كۆز قىلىشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلار ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان زاكات ۋە ھەجدىن ئىبارەت ئىككى پەرز ئەمەلنى ئۇنتۇپ قېلىشقان. ئۆز خەلقىنىڭ ئىستىقبالى يولىدىكى ئومۇمىي ئىشلار، مەسىلەن، مەسچىت، مەكتەپلەرنى سېلىش، يول-كۆۋرۈك ياساش، ياشلارنىڭ يۇقىرى مەكتەپ-مەدرىسلەردە ئىلىم ئېگىلىشى ئۈچۈن خالىسانە پۇل-مال ياردەم قىلىش، غېرىپ-مىسكىن، يوقسۇللارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش قاتارلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ساۋاب تاپىدىغان پايدىلىق ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلىشنى خالىمىغان. بۇ خىل ئەھۋال ھېلىمۇ كۆپچىلىك بايلىرىمىزدا ئېزچىل ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئابدۇقادىر داموللام ئۆز قەۋمىنى مۇشۇ ھەقتە قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدۇ.

رىسالىنىڭ 4-قىسمى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

*ئەر ۋە ئاياللارغا ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ پەرزلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭغا دىققەت-ئېتىبارىمىزنى قوزغىشىمىز، خوتۇن-قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپلەرنى ئېچىشىمىز لازىم. چۈنكى كىچىك بالىلار نادان ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدىكى چاغدا يامان ئىللەت ۋە بىلىمسىزلىككە گىرىپتار بولسا، كىچىكلىكىدە ئادەتلەنگەن ئۇ ئىشتىن قۇتۇلۇش ناھايىتى جاپالىقتۇر. ئەگەر ئانىسى بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولسا، پەرزەنتىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيە قىلىدۇ. بۇنداق بالىلارنىڭ چوڭ بولغاندا كامالەتكە يېتىشىمۇ ئاسان بولىدۇ. ھەدىستىمۇ* ***”ھەر بىر پەرزەنت تۇغۇلۇشتا ئەيىپسىز، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگە باغلىق”*** *دېگەن مەزمۇن بار. ھەممىمىز ئۆزىمىزنى تونۇيلى، كەلگۈسى ئىستىقبالىمىزنى ئويلايلى، بارلىق چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ خەلقىمىزنى ۋە مىللىتىمىزنى زاۋاللىقتىن قۇتۇلدۇرۇۋالايلى.*

*كۆپلىگەن يوقسۇل ۋە ئىگە-چاقىسىز بالىلار ئاچ-نان ۋە تۇرمۇشنى دەپ ئىلاجىسىزلىقتىن، دىنىي ئەقىدىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن خەۋىرى يوق، ئەجنەبىيلەرنىڭ مەكتىپىدە (ئەينى يىللاردا قەشقەردە*

چەتئەللىك خىرىستىيان دىنى تارقاتقۇچىلىرىنىڭ سىياسىي مەقسەتتە ئاچقان مەكتەپلىرىنى دېمەكچى—ت) ئوقۇپ، *يامان ئاقىۋەتكە يولۇقماقتا. بىز ئىنسانلىق ۋە مۇسۇلمانلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن غەيرەتكە كېلىپ، ئۇلارنى قۇتقۇلدۇرۇش چارىسىنى ئىزدەيلى!*

ئابدۇقادىر داموللام رىسالىسىنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدا ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەققىدە جىددىي توختالغان. ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئىمان-ئېتىقادى ئىلىمسىز كامالەتكە يەتمەيدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم پەرز ئەمەللىرىنىڭ بىرى ئىلىم ئۆگىنىشتۇر. «قۇرئان كەرىم»دە بىر قانچە ئايەتتە مۇشۇ ھەقتىكى مەزمۇن بار. ئىلىم ئۆگىنىش ئەر-ئايال مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا پەرزدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئاياللارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈنگەن. ئىسلام دىنى دۇنيا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ئاياللارنىڭ ئازاتلىقىنى تەرغىپ قىلغان ۋە ئۇزۇل-كېسىل بارلىققا كەلتۈرگەن دىن ئىدى. شۇڭلاشقا ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىسلامىيەت دۇنياسىدا بىلىملىك ئاياللار ناھايىتى كۆپ بولغان. جۈملىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ كاتتا ئالىمە ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ 2210 ھەدىس يەتكۈزۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەڭ كۆپ ھەدىس يەتكۈزگۈچىلەر قاتارىدا تۇرۇشى، يەنە كېلىپ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىشلار، ئائىلىۋى تۇرمۇشتىكى ئەڭ نازۇك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تەرىپىدىن يەتكۈزۈلۈپ زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلىگىنىمۇ ئۇنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر بىلىملىك ئالىمە ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

رىسالىدىكى'' *خوتۇن-قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپلەرنى ئېچىشىمىز لازىم*'' دېگەن پىكىر ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن پۈتۈنلەي يېڭى ۋە ئاجايىپ قەيسەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان دانا كۆزقاراش ئىدى. ھەر قانداق بىر مېۋىنىڭ ياكى زىرائەتنىڭ سورتى ياخشى بولسا ئۇنىڭ ھوسۇلىمۇ ياخشى بولغىنىدەك پەرزەنتلىرىنى تۇغقۇچى ۋە تەربىيىلىگۈچى ئانىلار قانچىلىك بىلىملىك ۋە ئەخلاقلىق بولسا پەرزەنتلىرىمۇ شۇنچە ياخشى ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. دۇنيادا ئىنسانلار ئۈچۈن، بولۇپمۇ مۇسۇلمان قەۋمى ئۈچۈن ئىلىمسىزلىكتىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىش يوق. ئىلىمسىز ئادەم نادان، ئەخمەق كېلىدۇ. نادان ئادەم ئۆز قەدىر-قىممىتىنى بىلمەيدىغان، قورقۇنچاق، يۈرەكسىز بولىدۇ. قورقۇنچاق ئادەم ھېچقاچان ۋە ھېچقەيەردە بىر ئىشتا نەتىجە قازىنالمايدۇ.

ئابدۇقادىر داموللام ئەينى چاغدا خەلقنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش، بىلىملىك قىلىش، ھالاكەتلىك تەقدىرگە دۇچ كېلىۋاتقان مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان ياش باللارنى ھىدايەت يولىغا باشلاش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىققان پىداكار ئەزىمەت ئىدى. ئۇ زور جاسارەت بىلەن شۇنچە قارشىلىقلارنى يېڭىپ ئۆزى مۇدەررىس بولۇپ، بىر يۈرۈش دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ يېڭى بىر ئەۋلاد شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ چىققان. بايلارغا تەربىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى ۋە ھىممىتى بىلەن 52 نەپەر ياشنى چەتئەللەرگە ئوقۇشقا چىقارغان. قەشقەر شەھرىدە «مەتلەئۇل ھىدايەت» ناملىق مەكتەپ تەسىس قىلىپ ۋە ئۆزى باشقۇرۇپ، يېتىم-يېسىرلارنى تەربىيىلەپ توغرا يولغا باشلىغان. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئەگەر ئابدۇقادىر داموللامدەك بىر مەنىۋى يولباشچى، يۈكسەك پەزىلەت ئىگىسى، توشقان ئالىم، ئۆتكۈر پىكىرلىك ناتىقنىڭ ئەلنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشى بولمىغىنىدا نادانلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغان خەلقىمىزنىڭ ھەق يولدىن ئېزىپ كېتىشى، بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ مۇرتەد بولۇپ مەڭگۈ لەنەتكە گىرىپتار بولۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى.

رىسالىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا يەنى 5-قىسمىدا تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بولۇپ، بۇ قىسىمنى پۈتۈن رىسالىنىڭ جەۋھىرى دېيىشكىمۇ بولىدۇ:

*بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىدۇر! جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم-مەرىپەت دەۋرىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم-مەرىپەت ساھەسىدە ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا. سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر. ھېلىھەم ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار. جانابى ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە ئىنايەت خەزىنىسىنىڭ ئىشىكى دائىم ئوچۇقتۇر. دۇنيادا ئۈمىدسىزلىك بىلەن ياشاش توغرا ئەمەس. ئىنسان كىچىكلىكىدىن تارتىپ ئىلىم ئۆگىنىشى ۋە كەسىپ(ھۈنەر-سانائەت) بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەككى، ھەر قانداق ئىشنى ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا چىقىرىشنى ئاللاھ ئادەت قىلمىغاندۇر. بەلكى ھەر بىر ئىش تىرىشچانلىق ۋە ئىجتىھاد بىلەن بەرپا بولىدۇ. ھەممە ئىشقا تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىش ئاللاھنىڭ يولىيورۇقىدۇر. '' ***ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقىغا لايىق نەتىجە باردۇر***'' دېگەن ئايەت بۇنىڭغا گۇۋاھ-ئىسپاتتۇر.*

*سالام، ياخشى يولغا ماڭغان كىشىلەرگە!*

رىسالىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى يەنە ئىزاھلاش ھاجەت ئەمەس. ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:" (ئى مۇھەممەد، مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، **(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن(خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**" {سۈرە«زۇمەر»(39 - سۈرە)، 53 - ئايەت}. يۇقىرىقى ئايەت مەزمۇنىغا ئۇيغۇن ھالدا يېزىلغان ئاشۇ بايانلار، مۇمكىن بولسا ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىپ لەۋھە قىلىپ ئېسىپ قويۇشقىمۇ ئەرزىيدىغان ھېكمەتلىك، ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك ئاشۇ پەندى-نەسىھەتلەر چوڭ بىر، ھەتتا بىر نەچچە كىتابنىڭ مەزمۇنىغا باراۋەر كېلىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ «نەسىھەتى ئاممە» ناملىق بۇ رىسالە يالغۇز ئۇيغۇرلار تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى تارىخىدا تەڭدىشى ئاز تېپىلىدىغان كاتتا ئەسەر. ئۇنىڭ كاتتىلىقى شۇ يەردىكى، بۇ رىسالە پۈتۈنلەي «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىف روھى بويىچە يېزىلغان، ماكان ۋە زامان چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. بۇ رىسالىنى ئەينى چاغدا قەشقەردىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قايسىبىر ئەلدە، ھەتتا پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدىكى قايسىبىر مىللەتنىڭ ئالدىدا ئوقۇسىمۇ ئوخشاشلا قىممەتكە ئىگە بولۇپ، رىسالىنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىشى مۇمكىن ئىدى، ھازىرمۇ ھەم شۇنداق. شۇنىڭدەك، بۇ رىسالە ئاز كەم بىر ئەسىرلىك دەۋر سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، ھېچبىر سۆزى كونىراپ قالماي، خۇددى مۇشۇ ئاي ئىچىدە يېزىلىپ قايسىبىر گېزىت-ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغاندەك ياكى ھېلىلا قايسىبىر مەسچىتتە ياكى نۇرغۇن جامائەت يىغىلغان سورۇندا ئوقۇپ ئۆتۈلگەندەك يېڭى ۋە ئاجايىپ تۇيغۇ بېرىدۇ. كىشى بۇ رىسالىنى ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇسى كېلىدۇ، ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇسى كېلىدۇ. يەنە كېلىپ كاللىسى سەگەك ھەر بىر ئۇيغۇر بۇ رىسالىنى ھەر قېتىم ئوقۇغاندا ياكى ئاڭلىغاندا ئىختىيارسىز ئۇيغا چۆكمەي، مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرى ھەققىدە باش قاتۇرماي تۇرالمايدۇ. شۇنداقلا بۇ ئەسەرنىڭ تىلى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ساپ ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، شۇ قەدەر ئاددىي، چۈشىنىشلىك، جانلىق، يېقىملىق ۋە گۈزەلكى، ئالىمدىن تارتىپ دېھقان-مالچىلارغىچە ھەممىلا ئادەم چۈشىنىپ تۇرىدىغان چۈشلۈق زوق ئالالايدۇ. رىسالە شۇ قەدەر ئىخچام، ئەمما ئۇنىڭ ۋەزنى شۇ قەدەر ئېغىر، پىكرى شۇ قەدەر ئۆتكۈر.

ئابدۇقادىر داموللام يېتىشكەن مۇتەپەككۇر ۋە مۇسلىھ (ئىسلاھاتچى)، مۇجاھىد(كۈرەشچان) ئالىم ئىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بىۋاستە تەسىرى ۋە تەربىيىسى بىلەن ئەينى چاغدا زور بىر تۈركۈم مۇسۇلمان ئالىم-ئۆلىمالار قوشۇنى يېتىشىپ چىققان: شەمسىدىن داموللام، سابىر ئاخۇن داموللام(ئابدۇلباقى)، ھاشىم ئاخۇن خەلپىتىم، ئابدۇلئەزىز داموللام، سالىھ داموللام، ئىنايەتخان مەخسۇم، جامال ئاخۇن خەلپىتىم، يەركەندىن سالىھ ئەئلەم ئاخۇنۇم، ھەلىمدىن ئاخۇنۇم، مۇھەممەد ئابدۇللاخان، ئابدۇللا قارىھاجىم، پوسكامدىن ئىسرائىل داموللام، قاغىلىقتىن ئەلى ئاخۇن خەلپىتىم، گۇمىدىن ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم، كۇچاردىن سېيىت ئاخۇن خەلپىتىم، تۇرپاندىن ئابدۇللا داموللام ئەشۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. ئۇلار تارىخىمىزدا ئىلىم-مەرىپەت جەھەتتە پارلاق سەھىپە ئاچقان، شۇڭا ئۇلارنىڭ ياخشى نامى تىللاردا داستان بولۇپ كەلدى.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتى ئاللاھ مەمنۇن بولىدىغان تەقۋادار مۇسۇلماننىڭ ئۆلگىسى بولسا، ئۇنىڭ ۋاپاتىمۇ شېھىتلىك مەقامىغا يەتكەن بىر مۆمىننىڭ ئۆلگىسى بولدى. ئوت يۈرەك جەدىتىزىمچى ئابدۇقادىر داموللام 1924 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تاڭ سەھەردە ئۆزىنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىدا قاتىل ئەھمەد مەزىن تەرىپىدىن خەنجەر بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىت بولدى. گەرچە قاتىل ئەھمەد مەزىن بولسىمۇ، پەردە ئارقىسىدا چەتئەللىكلەرنىڭ قارا قولى بار ئىدى.

مۇشۇنداق كاتتا ئالىملىرىمىزنى ھەر ۋاقىت دۇئادا ياد ئېتىش، ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرىنى كەڭ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ۋە چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش بىز ئەۋلادلارنىڭ بۇرچى-ئەلۋەتتە!

ئاللاھ تائالا ئابدۇقادىر داموللامغا رەھمەت قىلسۇن، ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ھىدايەت قىلسۇن-ئامىن!

(ئاپتور. ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى. شەمشىدىن ھاجى)

# ئىلىمگە بېغىشلانغان قەلب

ئابدۇللا موللا



بۈگۈنكى دەۋردىكى رىقابەت ۋە خىرىس بىلەن تولغان بۇ رەڭگارەڭ جەمئىيەتتە ئۆز مىللىتىنىڭ نەچچە ئەسىرلىك روھىيەت پىسخىكىسى، مىللىي ئېڭى، ئىزدىنىش روھى ئۈستىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان بىر ياش مۇسۇلمان ئالىم بار. ئۇنىڭ «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، «بۈرە تۈتېم مەدەنىيىتى»، «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە» ناملىق ئىلمىي ئەسەرلىرى ئىلىم سۆيەر ھەر بىر قەلب ئىگىسىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنىڭ قىران ياشلىق دەۋرىنى تەتقىقات، ئىزدىنىش، تاكامۇللىشىشقا ئاتىدى. ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى، دوكتور، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى ئەسەت سۇلايماندۇر.

ئەسەت سۇلايمان 1969 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇمۇلدىكى مەشھۇر 12 تاغنىڭ بىرى بولغان قوراي يېزىسىنىڭ قىزىلىيار كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى جىمجىت، سېھىرلىك گۈزەللىك بىلەن سۇغۇرۇلغان قەدىمى، سىرلىق ماكاندا ئۆتكۈزدى، مانا مۇشۇنداق ياخشى مۇھىت ئۇنىڭدا ئىلىم-پەنگە بولغان ئۆزگىچە بىر مۇھەببەتنى يېتىلدۈردى. ئۇ 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدە ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئېلىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندى. ئۇنىڭ كىتابخۇمارلىقى، كەمسۆزلۈكى، ئىزدىنىش، ئىلىمگە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ئۇنى تولىمۇ ئىزگۈ، داغدام بىر يولغا يېتەكلەپ ماڭدى. ئۇ بەش يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنى پىششىق ئوقۇپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە زور ئىجتىھات بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تارىخى، مەدەنىيىتى، پەلسەپىسىگە دائىر ئەسەرلەرنى بېرىلىپ ئۆگەندى، ئۇ يەنە خەنزۇ تىلى ئاساسىنى تېخىمۇ پۇختىلىدى، ئىنگلىز تىلىنى ئۆزلۈكىدىن بېرىلىپ ئۆگەندى. 1991 - يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن شۇ يىلى 9 - ئايدا ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىيات ۋە فولكلور مەدەنىيىتى بويىچە ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىندى. ئۇ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش جەريانىدا بىلىمنىڭ چوڭقۇر خەزىنە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلىپ، بىلىم دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. بۇ جەرياندا ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى، پەلسەپە ئىدىيىسى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى، ئىدىيە مەنبەلىرى، مىللىي پىسخىكىسى ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدەندى، خەنزۇ، ئىنگلىز، تۈرك، ئۆزبېك قاتارلىق تىللاردىكى تۈركىي

خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت، تارىخ، ئەدەبىيات، پەلسەپە ساھەسىگە دائىر كىتابلارنى سىستېمىلىق ئوقۇپ بىلىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. بۇ ئاساستا ئۇ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىيات، مەدەنىيەت، تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ئەسەرلىرىنى يېزىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلدى.

ئەسەت سۇلايمان ئالدى بىلەن بىر يازغۇچى، چۈنكى ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمى يۇرتلىرىدىن بىرى بولغان قۇمۇل تاغلىرىدا چوڭ بولدى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى، مەشرىپى، گۈزەل تىلى ئۇنىڭدا بىر ئەدەبىياتچىغا خاس تەپەككۇرنى يېتىلدۈردى. ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇش جەريانىدا بۇ ئاساسنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ شائىرانە تۇيغۇ، يازغۇچىغا خاس نەزەر، تەتقىقاتچىغا خاس سوغۇققان تەپەككۇرى بىلەن تۈرلۈك تېمىدىكى ئەسەرلەرنى يازدى، ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ شېئىرى تۇيغۇ بىلەن سوغۇققان تەپەككۇر، ئويناق، جانلىق تىل بىلەن ئۆتكۈر مۇلاھىزە بىرلىشىپ، ئوقۇرمەنلەرنى تېخىمۇ جەلپ قىلىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە. ئۇ 1993 ـ يىلىدىن باشلاپ «تارىم» ژۇرنىلىدا «شەبنەم يالتىرىغان كېچە»، «ئۇيقۇغا كەتكەن كىرورەن گۈزىلى» قاتارلىق پوۋېستلىرىنى ئېلان قىلىپ، كىتابخانلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. ئۇنىڭ «ئۇيقۇغا كەتكەن كىرورەن گۈزىلى» ناملىق تارىخى ھېكايىسى ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە قىممىتى بىلەن ئۇيغۇر پوۋېستچىلىقىنى بېيىتىشقا ھەسسە قوشتى.

1994 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ئىلىم مۇساپىسىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك ھاسىلاتلارنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ ئاسپىرانتلىق ئوقۇشى جەريانىدا ئوقۇغان، توپلىغان، تەتقىق قىلغان، تەكشۈرگەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدا، ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئاتالغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى بولغان تۇتېم مەدەنىيىتى ھەققىدىكى 400 مىڭ خەتلىك يىرىك ئىلمىي ئەسىرى«بۆرە تۇتېم مەدەنىيىتى»نى پۈتتۈردى. بۇ ئەسىرىدە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى بۆرە تۇتېمىنى كۆپ خىل پەنلەرنىڭ گىرەلەشمە نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئەتراپلىق يورۇتۇپ بەردى. بۆرە تۇتېمىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئۇنىڭ ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ تارىخى ھاياتىدىكى رولى، ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا كىرىپ كېلىشى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر مىللىي پسىخىكىسى، ئۆرپ ـ ئادىتى، مەنىۋى ئېڭى، تەپەككۇرى، روھىيەت قاتلىمىدا تۇتقان ئورنى، بۈگۈنكى مەدەنىيىتىمىزدىكى تەسىرىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. دىسسېرتاتسىيە ياقلاش يىغىنىدا، مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق ئالىملار بۇ ئەسەرگە «ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بۆرە تۇتېمى مەدەنىيىتىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، ھۆججەتلىك ۋە ئىلمىي ئاساستا يورۇتۇپ بەرگەن چوڭ ھەجىملىك تۇنجى ئەسەر، ئۇ مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى» دەپ باھا بەردى.

ئەسەت سۇلايمان ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا ئۇ «ئېپوسلار تەتقىقاتى»، «مىللىي ئەدەبىيات ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات»، «دىنشۇناسلىق»، «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات»، «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى»، «ئەپسانەشۇناسلىق»، «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈپ كەلدى.

ئەسەت سۇلايمان 1993 ـ يىلى «مىراس» ژۇرنىلىدا «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى يۇمۇرىستىك روھنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، كىتابخانلار ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىدى. شۇندىن باشلاپ ئۇ بىر تۈركۈم ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئىلىم ساھەسىگە تونۇلدى. 1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ماناس ئېپوسى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئۇ «ماناس ئېپوسىدىكى ئاتا ـ بالا توقۇنۇشى مۇتىفى بىلەن قەدىمكى يۇنانىنىڭ ‹ئودىپۇس› تىپىدىكى ھېكايە سيۇژېتلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇپ، يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1995 ـ يىلى ئۇنىڭ «غايىبتىن ھامىلدار بولغان ئۇلۇغ ئانا ۋە قەھرىماننىڭ سېھىرلىك تۇغۇمى ـ ئالىپ ماناسنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئېپوسلاردىكى قەدىمى مۇتىفلار» ناملىق ماقالىسى «ماناس» ئېپوسىنىڭ يۈز يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن قىرغىزىستاندا نەشىر قىلىنغان رۇسچە، قىرغىزچە توپلامغا كىرگۈزۈلدى.

ئەسەت سۇلايمان ئۆزىنىڭ بىلىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئۆزىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش، بۇندىن كېيىنكى تەتقىقاتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور ئېنېرگىيە ھازىرلاش ئۈچۈن، 1995 ـ يىلى بېيجىڭغا بېرىپ، دوكتورلۇق ئوقۇشىغا تەييارلاندى، بۇ مەزگىلدە ئۇ بېيجىڭدىكى ماتېرىيال ئامبىرى بولغان، جۇڭگو ۋە چەتئەللەرگە داڭلىق بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى يەنى ھازىرقى دۆلەتلىك كۇتۇبخانا، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا تېخىمۇ كۆپ كىتابلارنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. پايتەختنىڭ ئۈچۈر كۆزنىكى بولۇشتەك رولى ئۇنىڭ ئۆز بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە تېخىمۇ زور ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەردى. ئۇ بېيجىڭدا تېخىمۇ يېڭى بولغان تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە غايەت زور يېڭى ئۈچۈرلار بىلەن تونۇشتى. بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى

تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن مول ئاساس سېلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1996 - يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتلىقىغا قوبۇل قىلىندى. ئۇ دوكتورلۇقتا ئوقۇش جەريانىدا، بۇرۇنقى ئۆگەنگەن بىلىملىرى، كۆرگەن كىتابلىرى، تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا تېخىمۇ ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئىلىم دېڭىزىغا ئاتلاندى. ئۇ بىر تەرەپتىن بېرىلىپ ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىيەت پسىخىكىسى، مىللىي ئېڭى، ئەنئەنىۋى تەپەككۇرى، مەدەنىيەت قاتلىمى، پەلسەپە روھى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدەندى. جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىدىكى چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى چۆرىدەپ ئولتۇزدەك تارالغان بوستانلىقلاردا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سېھىرلىك ئەپسانىۋى ئېڭى، مىللىي تەپەككۇرى، ئۆزلۈك ئېڭى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىپ، شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پاسىلى، يىپەك يولىنىڭ مەركىزى بەلۋېغى بولغان بۇ قەدىمى زېمىنىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا بېغىشلانغان بىر تۈركۈم ئېسىل ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ 1996 - يىلدىن تارتىپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «مىراس» قاتارلىق ژۇرناللاردا «ئۆلۈم ئېڭى ۋە مەدەنىيەت پسىخىكىمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمى»، «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، «تۇران بىلەن ئىراننىڭ دىئالوگى»، «20 - ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق»، «مەركىزى ئاسىيانىڭ روھىيەت دىئالېكتىكىسى»، «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە» قاتارلىق ئېسىل ماقالىلىرى كىتابخانلار ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىدى. ئەسەت سۇلايمان بۇ ماقالىلىرىدا بىر ئىلىم ئىگىسىگە خاس ئىلمىي نەزەر، سوغۇققان تەپەككۇر بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ تېخى تولۇق قېزىلمىغان روھىيەت قاتلىمىغا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىپ، چوڭقۇر دىئاگنوز قويىدى. «تۇران بىلەن ئىراننىڭ دىئالوگى»، «20 - ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق» ناملىق ماقالىلىرى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ» ناملىق ماقالىسى ياپونىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس شىنمىن ياسۇشى ئەپەندى بىلەن مەريەم ساقىم خانىمنىڭ ھەمكارلىقىدا ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، توكيو مەركىزى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىندى. ئەسەت سۇلايمان 1999 - يىلى 5 - ئايدا، بېيجىڭدىكى ئۈچ يىللىق دوكتورلۇق ئوقۇشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، «شەرق ئەدەبىياتىدا خەمسەچىلىك ھادىسىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى» دېگەن خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 400 مىڭ خەت كېلىدىغان دوكتورلۇق ئىلمىي ئەسىرىنى يېزىپ چىقىپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇندىن كېيىن ئانا مەكتىپى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتىپ بېرىپ، داۋاملىق ئوقۇتقۇچىلىق ۋە ئىلمىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللاندى.

ئۇ 2001 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى بولدى. 2002 - يىلدىن باشلاپ، ئۇيغۇر ھازىرقى دەۋر ئەدەبىيات تەتقىقات يۆنىلىشى بويىچە ماگىستىر تەربىيىلەشكە باشلىدى. ئۇ 2002 - يىلى 12 - ئايدا ياپونىيە فۇكوئوكا قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە توكيو مەركىزى ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر ئاي ئىلمى زىيارەتتە بولدى.

ئەسەت سۇلايمان يەنە داۋاملىق ئىلىم ئېلىش ھەمدە چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرشۇناسلىققا ئائىت ماتېرىيال مەنبەلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئۈچۈن، مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 2003 - يىلى11 - ئايدا شۋېتسىيە ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىدا زىيارەتچى ئالىم بولۇپ تۇردى. بۇ جەرياندا 6ئاي ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس بەردى. 6 ئاي شۇ يەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملار بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى؛ شۇنداقلا بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان، ئەينى دەۋردە دۇنياغا داڭقى كەتكەن ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن ۋە باشقا چەتئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر شىنجاڭدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئاجايىپ مول مەدەنىيەت مىراسلىرىنى كۆرۈش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ كاتالوگىنى ئىشلەش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئۇ بىر تەرەپتىن چەتئەللەردىكى ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ بىلىمىنى تېخىمۇ بېيىتتى. ئۇ يەنە ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت 3 قېتىم ئىلمىي لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇنىڭ بىر قېتىملىقىنى ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدا، ئىككى قېتىملىقىنى ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلىدى. ئۇ شۇ يەردە ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئاساسىدا شېۋىت مىسسىيونېرلىرى ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن زور تۈركۈمدىكى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت ۋەسىقىلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ھەققىدە بىر كىتابچە ئىشلەپ نەشرگە تاپشۇردى. بۇ كىتابچە مۇشۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنماقچى. ئەسئەت سۇلايمان شېۋىتسىيىدە تۇرغان مەزگىلىدە يەنە گېرمانىيە، فرانسىيە، دانىيە، فىنلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي ئورۇنلارنى زىيارەت قىلدى ھەمدە ئۇ يەردىكى

ئالىملار بىلەن بۇ ھەقتە پىكىر ئالماشتۇردى. ئۇ يەردىكى ئوقۇشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغاندىن كېيىن، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، ئانا مەكتىپىدە تېخىمۇ زور ئىلمىي ئەمگەكلەرگە تۇتۇش قىلدى.

2004 - يىلى 11 - ئاينىڭ بېشىدا ئەسەت سۇلايمان لوندوندا چاقىرىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى ھەم ئۇيغۇر ئىسىم - فامىلە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ، يىغىن ئەھلىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ 2005 - يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى دوكتور ئاشتىلىق نۇقتىسىغا كىرىپ، مەخسۇس تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. بۇ تەتقىقات 2007 - يىلى 4 - ئايغىچە داۋاملىشىدۇ.

ياش ئالىم ئەسەت سۇلايمان مۇسۇلمان ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىش بىلەن رەڭلەنگەن، كۆپ خىل پەنلەرنىڭ گىرەلەشمە نۇقتىسىدا تۇرۇپ يازغان ئۆتكۈر ماقالىلىرىدا ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئوينىغان رولى، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسى، تەپەككۇرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىيەت ئىلىم - پەن تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى، ئىلىم - پەن بىلەن قۇراللىنىش ھەققىدىكى تەشەببۇسى جەھەتتە كۆپ توختالغان، ئۇ ئۆزىنىڭ «نەۋائى دەۋرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ماقالىسىدە بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: "شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە بىرلىككە كېلىشى نەتىجىسىدە يۈز بەردى. مىلادى 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ داغدۇغىلىق شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرى باشلاندى. خەلىپىلىك دائىرىسىدە دەمەشىق، قاھىرە، ئىسكەندەرىيە، باغداد، بەسرە، تەسۋىن، بۇخارا، ئىسپاھان، سەمەرقەنت، غەزنە قاتارلىق نەچچە ئونلىغان مەدەنىيەت ئوچاقلىرى مەيدانغا كەلدى. باغداد، كوردوۋا قاتارلىق ئىككى چوڭ مەدەنىيەت مەركىزىدە جاھانغا مەشھۇر ئىككى بۈيۈك تەرجىمە مەكتىپى دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ بىرى، قەدىمكى گرېك - يۇنان ئالىملىرى ياراتقان كىلاسسىك ئىلىم - پەن ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىدىغان، شەرھلەيدىغان ۋە [illegible] ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باغداد تەرجىمە مەكتىپى؛ ئىككىنچىسى، ئەرەب تىلىدا يارىتىلغان باي ئىلمىي مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ياۋروپا تىللىرى، ئاساسلىقى لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان ھازىرقى ئىسپانىيىدىكى تولېدا - كوردوۋا تەرجىمە مەكتىپى. ھەر ئىككى تەرجىمە مەكتىپى جاھان ئىلىم - پەن تەرەققىياتىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن روللارنى ئوينىدى. خەلىپىلىك تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان مىلادى 750 - يىلدىن 850 - يىلغىچە بولغان يۈز يىللىق تەرجىمە ھەرىكىتى ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنى بۈيۈك بىر دەۋرگە — شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىگە ئېلىپ كىردى. باغدادنى مەركەز قىلغان شەرق دۇنياسىدا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوشۇلۇشى يۈز بەردى. قەدىمكى ئىبرانىي - مىسىر مەدەنىيىتى، يۇنان - رۇم مەدەنىيىتى، پارس مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىدىن ئوزۇق ئالغان ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى مۇشۇ دەۋردىكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلدى. ئەل كىندى، ئەل فارابى، ئەل تەبەرى، ئەل رازى، ئىبنى سىنا، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى، ئەبۇ ئابباس ئەھمەد گەرغانى، ئۆمەر ھەييام، مۇھەممەد خارەزمى، غەززالى، فىردەۋسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نىزامى گەنجىۋى، جالالىدىن رۇمى، ناسىر خىسراۋ، ئىبنى رۇشىد قاتارلىق بىر تۈركۈم ئالىم - پەيلاسوپلار شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن شەرق ئىسلام دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەر ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىدى".

ياش ئالىم ئەسەت سۇلايمان ھازىر ئۆزىنىڭ چەتئەلدە ئۆگەنگەنلىرى ۋە يېقىندىن ئويلىغانلىرى ئاساسىدا تېخىمۇ زور ئىلمىي ئەمگەك ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە. بىز ئۇنىڭ ھارماس قەلىمى، ئىزدىنىشچان تەپەككۇرى، مەسئۇلىيەتچان ئىرادىسى، ئەلسۆيەر قەلبىگە ئاپىرىن ئوقۇيمىز، ئۇنىڭ بۇندىن كېيىن تېخىمۇ زور ئەمگەك مېۋىلىرىنى خەلققە تەقدىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور ئۇتۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

(ئاپتور: مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى شەمشىدىن ھاجى)

# زامانداشلىرىمغا دەيدىغانلىرىم

داموللا قاسىم ھاجىم

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن: **''شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ): ‹پەرۋەردىگارىمىز!......›** "{سۈرە «ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 190 ـ 191 ـ ئايەتلەر}.

ئاللاھ كامالى قۇدرەت ئىگىسىدۇر، بارچە مەخلۇقاتنىڭ ئىجادچىسى ۋە ياراتقۇچىسىدۇر. بىز كۆز ئالدىمىزدىكى شەيئىلەرنى تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، ئۇلار بىزگە ھەر ۋاقىت بۈيۈك بىر پەرۋەردىگارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ھەر بىر شەيئى ئۆزىگە ماددىي جەھەتتىن نۇرغۇنلىغان ئېلېمېنتلارنى جەلىپ قىلىش بىلەن بىرگە، يېزىۋالغۇدەك قانۇنىي ھېكمەتلەرنىمۇ مۇجەسسەملىگەن. بىز ھېكمەت ئىزدەپ كىتاب ئىزدەپ ئاۋارە. ھالبۇكى، ئەڭ بۈيۈك ھېكمەت ۋە كىتاب دەل «قۇرئان كەرىم» ۋە تەبىئەتتۇر. ئەڭ بۈيۈك ئىبادەت تەپەككۇر بىلەندۇر، تەپەككۇرسىز ئىبادەت ئىبادەت بولمايدۇ.

ئاللاھ ئىنسانلارنى تەپەككۇر قىلىشقا بۇيرۇغان. ئەقىل تەپەككۇر ئۈچۈن يارىتىلغان. ھالبۇكى، بىز ئەقلىمىزنىڭ نۇرغۇن قىسمىنى تەپەككۇرسىز زاپاس ھالدا ساقلاپ قالىمىز. ياشاش داۋامىدا ئەقلىمىزنى، تەپەككۇرىمىزنى ئىشقا سالغان ۋاقىتلار ئىنتايىن ئاز. كۆپىنچە ئىشلارنى تەپەككۇرىمىزدىن ساقىت قىلىۋېتىمىز، ئويلانساقمۇ يۈزە ئويلىنىمىز، ئاخىرقى يېشىمى چىققۇچىلىك تەپەككۇر قىلمايمىز. ھاياتلىقنىڭ ئەڭ بۈيۈك لەززىتى تەپەككۇردىدۇر. بۇ خىل لەززەت تالاي مۇتەپەككۇرلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. مۇتەپەككۇرلار ئىنسانلار جەمئىيىتىنى توغرا يولغا باشلاپ ئىسلاھ قىلغان. دېمەك، تەپەككۇرسىز ئىنسانلارنى، ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەقىقەتەن تەس.

ھازىر بىزدىكى بىردىنبىر ئاساسلىق مەسىلە ــ كىرىزىس دەل تەپەككۇر ھۇرۇنلۇقىدۇر.

ھاياتىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، تەپەككۇر ـ ئەقىل بىلەن ياشايدىغانلار ناھايىتى ئاز. كۆپىنچىمىز گالنىڭ ۋەسۋەسىسىدە قالغان. بىز تاماق يەيمىز، بىراق، ئۇنى نېمە ئۈچۈن يەيدىغانلىقىمىزنى، ئۇنىڭ كەلمىشىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى، قانداق تاماق يېسەك، قانچىلىك يېسەك دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى، تاماق بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئىنسان بىلەن شەيئىنىڭ، يەنى، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ، ئادەم بىلەن ئالەمنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى كۆپ ھاللاردا تەپەككۇرىمىزدىن ساقىت قىلىمىز. شۇنداق بولغاچ، بىز ئەڭ ئېسىل نېمەت، مېۋىلەرگە قول ئۇزاتتۇق، ئۇنىڭ ئىجادچىسى، ياراتقۇچىسىنى ئۇنتۇپ قالدۇق ياكى ئۇنتۇپ قالغانغا ئوخشاپ قالدۇق.

ئاللاھ تائالا ئايەتتە:'' **ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن مۆجىزىلەر بار**''لىقىنى ئېيتقان . ئاللاھنىڭ ئالەمنى بىنا قىلىشى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىنلارنى يارىتىشى، پەلەكتىكى بېزەك يۇلتۇزلارنىڭ شۇقەدەر ئىنچىكە قانۇنىيەت بىلەن ئۆلچەملىك سەير قىلىشى، ئادەمنىڭ ئابى مەنىيدىن بارلىققا كېلىشى، يامغۇر يېغىپ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشى،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن ئىنسان ۋە ھايۋانلارنىڭ بەھرىلىنىشى، سۇنىڭ يارغا ئايلىنىشى، يارنىڭ يەنە سۇغا ئۆزگىرىشى، ...... ھەرگىزمۇ ھېكمەتتىن، مەنادىن خالىي ئەمەس. ئاللاھ ئاسمانلارنى يەتتە قەۋەت قىلىپ ياراتقاندەكلا، زېمىننىمۇ يەتتە قەۋەت قىلىپ ياراتقان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە:''**ئاللاھ يەتتە ئاسماننى ياراتتى، زېمىننىمۇ ئاسمانغا ئوخشاش( يەتتە قىلىپ) ياراتتى**''{سۈرە «تەلاق»(65 ـسۈرە)،12 ـ ئايەت} دېگەن. بۇ ئاجايىپ ماس كېلىشتۇر. ئىنسان ھەققىدە ئويلانساقمۇ، ئىنسان جىسمىغا كائىناتنىڭ نۇرغۇن سىرلىرى مۇجەسسەمدۇر.

بارلىق سىرلارنىڭ يەشمىسى ئىنساندۇر. «تەفسىرۇل بەيزاۋىي»دا مۇنداق قۇرلار بار: ‹ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى›دېگەن ئىباردىكى ‹ئالەم›دىن ئىنسانمۇ ئىرادە قىلىنىدۇ. چۈنكى، ھەربىر ئىنسان كائىنات سىرلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەنلىكى سەۋەبلىك بىر ئالەمدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە:''**ئۆزۈڭلارغا قاراپ باقمامسىلەر؟!**'' دېگەن. دېمەك، ئىنسانمۇ ھەقىقەتنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن مۇھىم يىپ ئۇچى بولالايدۇ.

ئاللاھ تائالا ئايەتتە ئەقىل ئىگىلىرىنى شەرھلەپ:''**ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ): ‹پەرۋەردىگارىمىز!...›**'' دەيدۇ. ئاقىللار، ئارىفلار ھەرۋاقىت ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدىغان، ئاسمان ـ زېمىن توغرىسىدا پىكىر يۈگۈرىدىغان كىشىلەردۇر. تەپەككۇرسىز ئىلىمنى ئىلىم دېيەلمەيمىز، تەپەككۇرسىز بىلگەنلەرنىمۇ(ئەمەلىيەتتە بىلمىگەن) ئالىم دېيىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز؛ تەپەككۇر بىلەنمۇ ھەقنى تونىيالمىغانلار تېخىمۇ شۇنداق. ھەقنى تونۇيالمىغان تەپەككۇر چالا قىلىنغان تەپەككۇردۇر.

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان ئاللاھنى زىكرى قىلىش ئۈچ خىل بولىدۇ:

1.تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنى ئەسلەش(قەلبتىكى زىكرى)؛ يارالمىش توغرىسىدا تەپەككۇر قىلغان ئادەم ئاللاھنى قەلبىدە ياد ئېيتىدۇ، بۇ دەل تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى.

2.ئېغىزدا زىكرى قىلىش؛ مەۋجۇدىيەت ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن ئادەم ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلگەن ئىكەن، ئۇنىڭ تىللىرى ئىختىيارسىز ھالدا ئاللاھنى زىكرى قىلىپ سالىدۇ. قەلبنىڭ ۋە تىلنىڭ زىكرى بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدىغان باسقۇچلاردۇر. ئاللاھ ئەقىل ئىگىلىرىنى:'' **ئاللاھنى ئەسلەيدىغان، پىكىر قىلىدىغان، ‹پەرۋەردىگارىمىز!..› دەيدىغان كىشىلەر**'' دەپ سۈپەتلەيدۇ. ''**پەرۋەردىگارىمىز!...... دەيدىغان**'' دېگەن ئايەتتىن تىلنىڭ ئاللاھنى زىكرى قىلىشىنىڭ زىكرىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

3.ئەمەل قىلىش؛ ئاللاھنى تەپەككۇر ۋە نۇتقى زىكرى ئارقىلىق ئەسلەپ تۇرىدىغان كىشى ھەرىكەتلىرىنى ئۇنىڭغا ماس ھالدا ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ ھەر نامازلىرىغا، زاكاتلىرىغا، روزىلىرىغا ۋە ھەجلىرىگە تەپەككۇر ئارىلىشىدۇ، نۇتقى زىكرى قوشۇلىدۇ.

مانا بۇ بۈيۈك ئۈچ بىرلىك ئىنسان ساپلىقىنىڭ، پاكلىقىنىڭ يۈكسەكلىكتە ئىپادىلىنىشىدۇر. مانا بۇ ئىنسانىي لەززەتنىڭ كامالىدۇر.

ئاقىل ـئارىفلارغا: ئاللاھنى ھەر ۋاقىت ئەسلەپ تۇرىدىغان، مەخلۇقاتلار توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدىغان ۋە ''**پەرۋەردىگارىمىز!...**'' دەيدىغان كىشىلەر، دەپ تەئرىپ بەرگەن ئىدۇق. ئۇنداقتا قانداق كىشىلەرنى پىكىر يۈرگۈزگەن، ھەقىقىي مېۋىگە ئېرىشكەن كىشى دەيمىز؟ مۇشۇ ئايەتنىڭ ئۇلانمىسى بولغان بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:''(**ئۇلار ئېيتىدۇ):‹‹ پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ.سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچ قانداق ياردەمچى بولمايدۇ. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ)، رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار!، دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى( يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن، سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن**› '' {سۈرە «ئال ئىمران»(3 ـسۈرە)، 191 — 194 ـ ئايەتلەر} . كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئاللاھ بەش ئورۇندا "**پەرۋەردىگارىمىز!** " دېگەن ئىبارىنى كەلتۈرگەن. بۇ تەپەككۇر قىلغۇچىلارنىڭ ئاللاھنىڭ كالامىدا ئەكس ئەتكەن سۆزلىرى ئىدى. مۇفەسسىرلەر بىردەك شۇنداق قارىشىدىكى، ئىنسان مۇشۇ بەش« رَبَّنا» (رەببانا__ پەرۋەردىگارىمىز) نىڭ مەنىسىنى تەپەككۇر ئارقىلىق چۈشىنىپ يېتەلىگەندىلا، ئۇنى ئۆزىگە، شەيئىگە، پۈتكۈل مەۋجۇدىيەتكە باغلاپ ھېس قىلالىغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي تەپەككۇر قىلغان بولىدۇ، بولمىسا

مۇتەپەككۇرلاردىن بولالمايدۇ.

كۆپىنچىمىزدىكى ئورتاق خاتالىق — كۆپ ھاللاردا پىكىر يۈرگۈزمەسلىك. بىز ناماز ئوقۇيمىز، ئوقۇۋاتقان ئايەتلىرىمىزنىڭ مەنىسىنى بىلمەيمىز؛ زىكرى ئېيتىمىز، زىكرىمىزنى چۈشەنمەيمىز؛ ھەتتا دۇئالىرىمىزمۇ شۇقەدەر قېلىپلىشىپ كەتكەن ئىدىكى، ئۇمۇ مەڭگۈ بىرخىل، قارىغۇلارچە يادلانغان. يۇقىرىقى ئايەتلەر تەپەككۇر مەھسۇلى بولۇپلا قالماستىن، دۇئادۇر. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىبادەتلەرنىڭ يىلىكىدۇر. بىز قولىمىزدىكى ئەگگۈشتەر «قۇرئان كەرىم»نى تەپەككۇر قىلماستىن، تىلاۋەت ئۈچۈنلا ئوقۇۋاتقىنىمىزدا جاھان تەرەققىي قىلىپ(ماددىي جەھەتتە) بىزدىن كۆپ ئۈزاپ كەتتى. بىز بۈگۈنكى ئەقلىي ئىختىرالار قورشاۋىدا تېڭىرقاۋاتىمىز. ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ:"**ئۇلار قارىمامدۇكى، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى**" دېگەن ئايىتى ئاناتومىيە ئىلمىنى؛ "**ئاسمان قانداق ئېگىز قىلىندى**" دېگەن ئايىتى ئاسترونومىيە ئىلمىنى؛ "**تاغلار قانداق تۇرغۇزۇلدى، زېمىن قانداق يېيىلدى**"{سۈرە «غاشىيە»(88-سۈرە)، 17 — 20-ئايەتلەر} دېگەن ئايەتلىرى گېئولوگىيە ئىلمىنى ئۆگىنىشنى تەقەززا قىلاتتى.

ئىنسان مەخلۇقتۇر. ئۇنىڭ تەپەككۇرىمۇ چەكلىكتۇر. ئۇنداقتا ئۇ قانداق نەرسىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشى كېرەك؟ بىرى، ئىنسان كۆز ئالدىدىكى ئەينى شەيئىلەرنى تەپەككۇر قىلىش، يەنە بىرى، بىلگەن ۋە پىكىر قىلىپ بىلگىلى بولىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە ئەقىل ئىشلىتىشى كېرەك. ئابدۇللا ئىبنى سالامدىن رىۋايەت قىلىنىپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:"(بىر كۈنى) **رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرى ئارىسىغا چىقتى، ھالبۇكى ئۇلار ئويلىنىۋاتاتتى( تەپەككۇر قىلىۋاتاتتى) ۋە مۇنداق دېدى:‹ يارىتىلغۇچى(مەخلۇق) ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈڭلار، ياراتقۇچى ( خالىق ) ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەڭلار! شۈبھىسىزكى، سىلەر ئاللاھنىڭ تەقدىرىنى(پۈتكىنىنى) بىلەلمەيسىلەر!›**" (ئىسپاھانى رىۋايەت قىلغان). مەلۇم بولدىكى، ئىنسان ئاللاھ چوڭمۇ، قانچىلىك، ئادەمگە ئوخشامدۇ؟ دېگەندەك ئاللاھنىڭ زاتىغا تەئەللۇق نەرسىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەسلىكى كېرەك. ئىنسان بىلمەيدىغان، بىلەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئۆز رايى بويىچە ھېسسىي مۇئامىلە قىلماستىن، بەلكى، «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەر روھى بويىچە مۇئامىلە قىلىشى زۆرۈر. مەسىلەن: تەقدىر مەسىلىسى، بىزنىڭ كۆزىمىزدىن ھالقىپ كەتكەن كائىنات، ئۇ دۇنيا، دوزاخ، جەننەت، قەبرە، پىلسىرات، ئىسرا ۋە مىئراج...... قاتارلىق مەسىلىلەر دەل بىزنىڭ ئاددى تەپەككۇرىمىزدىن ھالقىپ كەتكەن مەسىلىلەردۇر. بۇ مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئەڭ توغرا ئىدىيىدە بولىمىز دەيدىكەنمىز، ئايەت، ھەدىس ھۆكۈمىگە «سلمنا» "تەسلىم بولدۇق" دېيىشىمىز كېرەك. مۇتەشابىھ ئايەتلەر «الحروف المفطعة» (ئۈزۈك ھەرپلەر) («الم» قاتارلىق)مۇشۇلارنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

ھاسىل كالام، ئىنسان تەپەككۇر قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەردە چوقۇم تەپەككۇر قىلىشى كېرەك. ئەقىل ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە بەرگەن سوۋغىسى.

(ئاپتور:قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دىنى مەكتەپتە مۇدەررىس؛
خاتىرىلىگۈچى: يۈسۈپجان سەمەت؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## شىنجاڭ ئىسلام دىنى زاتلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە سۆھبەتتە بولدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى نۇقتىلىق مەسچىتلەردە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان 48 نەپەر ئىمام-خاتىپلاردىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭ ئىسلام دىنى زاتلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جو يىڭبىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە 2005-يىل 5-ئاينىڭ 20-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى شەمشىدىن ھاجى، مۇھەممەد سىدىق ماجۇڭجې، مۇئاۋىن باش كاتىپى ھاجى بارات رەجەپ قاتارلىقلار ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن سەممىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد سىدىق ماجۇڭجې جەمئىيەت رەھبەرلىكىگە ۋاكالىتەن ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا جۇڭگو ئىسلام دىنى ئەھۋالى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئۆمەك ئەزالىرى سۆھبەتتىن كېيىن جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئاخىرىدا جەمئىيەت رەھبەرلىرى ئۇلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى ۋە ئۆمەك ئەزالىرى شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

www.uyghurkitap.com

# ئالتۇن مازار

ئالتۇن مازار ئالتۇنلۇق مازىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەكەن ناھىيە بازىرى گورباغ ئاھالە كومىتېتى دائىرىسىگە يېڭىشەھەر بىلەن كونىشەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالتۇن دەرۋازىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان. شەھەر مەركىزىنىڭ شەرق تەرىپىگە ئارىلىقى بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقىي ئالتۇن مەسچىتكە، جەنۇبى كىچىك كوچا ئارقىلىق ئالتۇن بالانغۇچ مەكتەپكە، شەرقى ۋە شىمالىي تەرىپى چىلتەن مازارغا تۇتىشىدۇ.

ئالتۇن مازار مىلادىيە 1533-يىلى ياركەنت سەئىدىيە ئىسلام خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن شەكىللەنگەن قەدىمىي مازار بولۇپ، دەھمى شاھان(پادىشاھلار قەبرىستانلىقى)، ئالتۇنلىرىم دەپمۇ ئاتالغان. بۇ مازارغا يەنە سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن سۇلتان ئابدۇرىشىتخان(1533—1560-يىللارغىچە سەلتەنەت سۈرگەن)، ئابدۇكېرىمخان(1600—؟)، ئەھمەدخان(1610—1619)، ئابدۇلېتىپخان (1619—1630)، پولاتخان، مەھمۇدخان(1632—1635)، ئابدۇللاخان(1635—1667) قاتارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتلىرى دەپنە قىلىنغان ھەم مەشھۇر مۇقامشۇناس، شائىرە خانىش ئامانىساخان، قەدىرخانلار دەپنە قىلىنغان. شۇنداقلا مازارنىڭ شىمالىي تەرىپىگە مىلادىيە 1670-يىللاردىن باشلاپ ياركەنتتە باش كۆتۈرگەن قارا تاقىيە (قارا تاغلىقلار) مەزھىپىنىڭ كاتتىبېشى پەرغانىلىق چوڭ ئىشان خوجا ئىسھاق ۋەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قويۇلغان دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن خوجا ئىسھاق ۋەلى مازارلىقى دەپمۇ ئاتالغان. ئەمەلىيەتتە خوجا ئىسھاق ۋەلى ئۆزبېكىستاننىڭ سەمەرقەند شەھرىدە ئۆلگەن. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئوغلى شادى خوجا، نەۋرىسى يەھيا خوجىنىڭ قەبرىلىرى بار.

تارىخىي مەنبەلەردە مەلۇم بولۇشىچە، مىلادىيە 1514-يىلى سۇلتان سەئىدخان ياركەنت پادىشاھى مىرزا ئابابەكرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ھېسابسىز ئالتۇن ۋە مال-دۇنيالارنى ئولجا ئېلىپ ئۆزى ياركەنت سەئىدىيە ئىسلام خاندانلىقىنى تىكلەپ تەختتە ئولتۇرغان، غەزىنىدىكى ئالتۇنىنىڭ كۆپلۈكىگە ئاساسەن خاندانلىق تەۋەسىدە خەلقتىن 10 يىلغىچە باج-سېلىق ئالمىغان. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان سەئىدخان ئالتۇن پادىشاھ دەپ نام ئالغان. سۇلتان سەئىدخان مىلادىيە 1533-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندە دەپنە قىلىنغان بۇ مازار ئالتۇن مازار دەپ ئاتالغان. شۇنداقلا بۇ مازار ئەتراپىدىكى جايلارنى ئالتۇن مەھەللە، ئالتۇن كۆل، ئالتۇن مەدرىس ۋە ئالتۇن مەسچىت دەپ، كونىشەھەر سېپىلىنىڭ غەربىي دەرۋازىسى ئالتۇن دەرۋازا دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. مازار تۆت ئەتراپىدىكى ئايلانما يولدىن بىر مېتىر ئېگىزلىكتە سۇپا شەكلىدە ياسالغان. كۆلىمى $3000m^2$ غا يېقىن بولۇپ، مازارنىڭ غەربىي تەرىپى ياغاچ پەنجىرىلەر بىلەن، قالغان ئۈچ تەرىپى خىش بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان. مازار دائىرىسىگە بىر گۈمبەز ۋە 45 قەبرە خىش كاھىش بىلەن رەتلىك ياسالغان بولۇپ، ئاز بىر قىسىم قەبرىلەر ياخشى ساقلانغاندىن باشقا كۆپ قەبرىلەرنىڭ ئىزىلا قالغان. قەبرە ۋە دائىرە تاملىرىغا گەج ئويما نەقىشلەر ۋە بېغىشلىما خەتلەر ئويۇلغان ھەم گۈللۈك خىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن. ياغاچ پەنجىرىلەر مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە بۇزۇۋېتىلگەن. 1936-يىللىرى قەبرىلەرنى ئېچىپ بەزى تارىخىي ماتېرىياللار ئوغرىلاپ كېتىلگەن. بۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان سۇلتان ئابدۇرىشىتخان، ئامانىساخان ۋە قەدىرخانلار 16-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر نامايەندىلەر بولۇپ، ئۇلار يەكەن دىيارىدا ياشاپ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. سۇلتان ئابدۇرىشىتخان «دىۋانى رەشىدى»، «غەزەلىيات رەشىدى»، «سالاتىننامە» قاتارلىق 10 نەچچە پارچە قىممەتلىك ئەسەرنى يېزىپ چىققان. ئاتاقلىق مۇغەننى، شائىرە ئامانىساخان(مىلادىيە 1520—1554)«دىۋان نەفسى»، «ئەخلاقى جەمىلە»(گۈزەل ئەخلاق)، «شورۇھۇلقۇلۇب»(قەلبلەر شەرھى، قەلبلەر كېڭىشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان، «ئىشرەت ئەنگىز»(شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنىمۇ ئىجاد قىلغاندى. ئۇستازى قەدىرخان بىلەن بىرگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مۇزىكا بايلىقى بولغان كىلاسسىك مۇزىكا «ئون ئىككى مۇقام»نى نوتىغا ئېلىپ ھازىرقى

ئەۋلادلارغىچە يېتىپ كېلىشكە زور تۆھپە قوشقان، ئۇلار بۇ ئاجايىپ زور تۆھپىلىرى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىيات-سەنئىتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئالتۇن مازار(ئالتۇنلۇق مازىرى) 16-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بەرپا قىلىنغاندىن تارتىپ، 19-ئەسىرگىچە كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ياكى كېڭەيتىلگەن. بولۇپمۇ 19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىنغان. كېيىن مازار ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىنمىغانلىقتىن ۋەيران بولۇشقا باشلىغان.

ھازىر ئالتۇنلۇق مازارنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى ئامانىنساخان قەبرىگاھىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 5500 ㎡ بولۇپ، قەبرە كاھىشلىرىنىڭ نەقىشلىرى، دەرىزە پەنجىرىلەرنىڭ ياسىلىشى ئۆزگىچە ھۈنەر-سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. بۇ يەردە يېڭىدىن قەد كۆتۈرگەن خانىش ئامانىنساخان قەبرىگاھى قەدىمقى زامان ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئەت تېخنىكىسى ئۇسلۇبى بىلەن ھازىرقى زامان بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئەت تېخنىكىسى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، تۈۋرۈك، تورۇس ۋە ۋاسىلىرىدىن تارتىپ ھازىرقى زامان بىناكارلىق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان بولۇپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ پۈتۈن ئۆلگىلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. ئالتۇن مازار 1992-، 1993-يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ خىراجەت بېرىشى بىلەن ئەتراپىغا تام سېلىپ كەڭ كۆلەمدە رېمونت قىلىندى. ئالتۇن مەسچىت جامائەتنىڭ 140 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىشى بىلەن قايتا ياساپ چىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مازار ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ زىيارەتگاھىغا ئايلاندى.

قىسقىسى، ئالتۇن مازار ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىشى، شەكلى ۋە نەقىش-بېزەكلىرى جەھەتتە ئۆزىگە خاس دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەدەنىي مىراس بولۇپ، 1990-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» قىلىپ بېكىتىلدى. يەكەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1992-يىلى 9-ئايدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر مۇزىكانتى، شائىرەسى خانىش ئامانىنساخاننىڭ مەقبەرىسى* ۋە ھەيكىلىنى ياساپ چىققاندىن كېيىن ئالتۇن مازارغا يېڭىچە تۈس بېغىشلاپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ مۇھىم سەيلە-ساياھەت ئورنى بولۇپلا قالماي، بەلكى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان جايى بولۇپ قالدى.

(بۇ ماقالە «يەكەن ناھىيە خەرىتىلىك تەزكىرىسى»(ئۇيغۇرچە)، «يەكەن ناھىيە تەزكىرىسى»(خەنزۇچە)، «جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»(خەنزۇچە) دىن پايدىلىنىپ يېزىلدى)

(يەكەن ناھىيىلىك 5-ئوتتۇرا مەكتەپتىن تۇرسۇن پىداقۇل)

---

* ئامانىنساخاننىڭ ھەيكىلى يەكەن كونىشەھەردىكى خەلق باغچىسىنىڭ ئىچىگە ئورنىتىلغان.

## "ئۇممۇل قۇرا" ئۇنىۋېرسىتېتى ۋەكىللىرى مەملىكىتىمىزدە زىيارەتتە بولدى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مەككە مۇكەررەمە ''ئۇممۇل قۇرا'' ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دوكتور مۇھەممەد ئۇغلە باشچىلىقىدىكى 5 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى 2005-يىل 4-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە مەملىكىتىمىزنىڭ بېيجىڭ، لەنجۇ قاتارلىق جايلىرىدا دوستانە زىيارەتتە بولدى. بۇ ئۆمەك جەمئىيىتىمىزنى زىيارەت قىلغاندا رەئىس ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا، مۇئاۋىن رەئىسلەر يۈي جېنگۈي، مايۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلار بىلەن سەمىمىي، ئەتراپلىق سۆھبەتلەشتى ھەمدە مېھمانلار شەرىپىگە زىياپەت بەردى. بۇ ئۆمەك يەنە بېيجىڭ، لەنجۇلاردا ئالىي مەكتەپ، ئىسلام دارىلفۇنۇنى، كۈتۈپخانا، مەسچىت ۋە ئاسارە-ئەتىقە ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. جەمئىيىتىمىز مەسئۇللىرى بىلەن بولغان سۆھبەتتە ئۆمەك باشلىقى دوكتور مۇھەممەد ئۇغلە جۇڭگو—سەئۇدى ئىككى دۆلەتنىڭ مائارىپ، جۈملىدىن ئىسلام مائارىپى ساھەسىدە، بولۇپمۇ ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش جەھەتتە ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۆمەكنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى جۇڭگو—سەئۇدى ئىككى دۆلەت ھەمكارلىشىش كومىتېتىنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى پائالىيىتىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئىسلام جەمئىيىتى پائالىيەتلىرى

2005 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى، قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ 6 ماھىرنى تاللاپ چىقتى. (ياقۇپ ھاجى)

2005 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئىسلام جەمئىيەتلىرى باش كاتىپلىرى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى، ناھىيە(شەھەرلىك)ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپلىرى قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايوندا ئېچىلغان ئىسلام جەمئىيەتلىرى باش كاتىپلار يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2004 ـ يىللىق خىزمەتلىرى خۇلاسىلىنىپ، 2005 ـ يىللىق خىزمەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ مۇھاكىمە قىلىندى.

(مەمەتئېلى غېنى، ھەببۇللا مەتسەيدى)

2005 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2005 ـ يىل 2 ـ قېتىملىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى كېڭەيتىلگەن يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، ھەر قايسى ناھىيە(شەھەر)لىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە بىر قىسىم دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى قاتناشتى. يىغىندا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2004 ـ يىللىق خىزمەتلىرى خۇلاسىلاندى ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەر، جۈملىدىن «نىزام»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىچكى قىسمىدىكى مۇقىملىق ۋە ئىتتىپاقلىقنى ساقلاش قاتارلىق ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

(ئابدۇرېشىت ئابدۇكېرىم)

ئىلى ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى 2005 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قۇرئان تىلاۋەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن 55 قارىي ۋە قارىيە قاتناشتى. ئاخىرىدا تاللانغان 20 مۇنەۋۋەر قارىي ۋە قارىيەنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىغە چۈشۈشى نەتىجىسىدە ئىسمائىل قارىي بىرىنچىلىككە، مامىك ۋە مايۇيلىياڭ ئىككىنچىلىككە، ھەببۇللا، ئۆمەر ۋە جولدىبايلار ئۈچىنچىلىككە، قىزلاردىن بۇۋى خەلچەم بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلاردىن 50 دىن ئارتۇق ئادەم مۇسابىقىنى ئاڭلىدى ۋە باركاللا ئېيتىشتى.

(ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى)

2005 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 4 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئاچتى؛ يىغىندا ئۆتكەن يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلىنىپ بۇ يىلقى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىندا دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يەنە «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئەستايىدىل ئۆگەندى ھەمدە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ مۇزاكىرە قىلدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

خوتەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2005 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ، 2 ـ كۈنلىرى ئىسلام دىنى 3 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، 82 دىنىي زات ۋەكىلى قاتناشتى. يىغىن ئەھلى 2 ـ نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت خۇلاسىسى، «ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەشەببۇسنامىسى»نى ئاڭلىدى ۋە مۇزاكىرە قىلدى. يىغىن ئاخىرىدا جەمئىيەت نىزامنامىسى ماقۇللاندى. سايلام ئارقىلىق بىر نەپەر رەئىس، ئۈچ نەپەر مۇئاۋىن رەئىس، بىر نەپەر باش كاتىپ، 19 دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، 30 ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. سايلانغانلارنىڭ يېشى 45 ياش ئەتراپىدا بولدى. (ئېلىئەكبەر جېلىل)

گۇما ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3 ـ نۆۋەتلىك 11 ـ سانلىق دائىمىي ئەزالار يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئۆتكەن يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلىنىپ بۇ يىللىق ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى تۈزۈپ تارقاتقان «ھەج قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ پەرز بولۇش شەرتلىرى» ناملىق پايدىلىنىش ماتېرىيالى ئوقۇپ ئۆتۈلدى ۋە ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

(مەمەتئېلى غېنى، ھەببۇللا مەتسەيدى)

ئاقسۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2005 ـ يىل 19 ـ ئاپرېل قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، 19قارى، 3 قارىيە قاتناشقان بۇ مۇسابىقىدا شەھەرلىك نۇرباغ مەسچىتى ئىمامى قۇربان مۇھەممەت بىرىنچى بولدى ھەم مەملىكەتلىك 6 ـ نۆۋەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسىغا نامزات قىلىپ يوللاندى.

(ئابدۇرەھىم مامۇت)

قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2005 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى يىغىن ئېچىپ، 2005 ـ يىللىق «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىشتا نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان 2 ئىلغار ئورۇن ۋە 20 ئىلغار شەخسنى مۇكاپاتلىدى.

(نىجات غوپۇر)

## ئىسلام مائارىپى

ئاقسۇ شەھىرىدە دىنىي زاتلاردا تەربىيىلىنىۋاتقان 1 ـ قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى 2005 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئېچىلدى. بۇ قارارىدىكى 27 تالىپنىڭ ئوقۇشى 2001 ـ يىل 10 ـ ئايدا باشلىنىپ، 2004 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاخىرلاشقان بولۇپ، ئۇلار 3 ئاي پىراكتىكا قىلدى ۋە سىناقلاردىن ئۆتۈپ ياخشى نەتىجە بىلەن ئوقۇش تاماملىدى. يىغىن ئاخىرىدا تالىپلارغا دىنىي ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى، ئۇلار ئاساسىي قاتلامدا دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

(شەھەرلىك بىرلىكسەپ بۆلۈمى)

ئاقسۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2004 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 60 ئايالنى تەشكىللەپ غەسساللەرنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، بۇ كۇرس 5 كۈن داۋام قىلدى، كۇرس ئاخىرىدا كۇرسانتلارغا گۇۋاھنامە تارقىتىلدى. (ئەخمەتجان ئەبەيدۇللا)

مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2005 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئايال مېيىت يۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى،

كۇرسقا 61 نەپەر بۇۋى قاتناشتى.
(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2005 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى دىنىي زاتلار شاگىرت تەربىيىلەش 2 ـ قارارلىق كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىم قوبۇل قىلىنغان شاگىرت 20 نەپەر بولۇپ، ئوقۇش ۋاقتى 2 يىل، شاگىرتلار دىنىي ۋە سىياسەت دەرسلىرىدىن باشقا يەنە، خەنزۇ تىلى، كومپيۇتېر بىلىملىرىنى ئۆگىنىدۇ.
(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خوتەن شەھەردە دىنىي زاتلارنىڭ 2 ـ قېتىملىق تالىپ تەربىيىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىم 24 دىنىي زاتقا ئۈچ يىللىق مۇددەتتە 69 تالىپ تەربىيىلەش ۋەزىپىسى بېرىلدى. (ئېلىنئەكبەر جېلىل)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئۈچتۇرپان قاتارلىق ناھىيىلىرىدە يەر تەۋرەش ئاپىتى بولغاندىن كېيىن، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى دىنىي زاتلار ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە جەمئىي 263مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. (ئابدۇرېشىت ئابدۇكېرىم)

قاغىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ۋە دىنىي زاتلاردىن 86 كىشى ئۆتكەن يىلنىڭ باشلىرىدىن بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ھەر قايسى يېزا ـ بازارلاردىكى ياشانغان، ئاجىز، مېيىپلار بولۇپ 684 كىشىگە 67 مىڭ يۈەن نەق پۇل، 19 توننا ئاشلىق، 15 توننا كۆمۈر، 583 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 17 مىڭ 600 يۈەن قىممىتىدە چارۋا، گۆش، ماي، ئۇتۇن قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى ياردەم قىلدى.
(سىدىق تۇردى، روشەنگۈل يۈسۈپ)

يېزا ئىگىلىك 3 ـ دېۋىزىيە 51 ـ تۇەن 10 ـ لىيەن 3 ـ پەي مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇرەھىم ھاجىم شۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق 20 دېھقان(ئائىلە)نىڭ بۇ يىللىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشتا قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، 25مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ ئۇلارنىڭ 166 مو يېرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى. (مۆمىنجان قادىر)

نەچچە يىلدىن بۇيان باي ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار مېيىپلارغا، نامرات ئائىلىلەرگە، ماتارىپقا، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى ھەمدە يېقىنقى 5 يىلدىن بۇيان جەمئىي 40مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكتى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

ئاقسۇ ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدە 2005 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن ئاۋات ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار ۋە مەسچىتلەر ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە 10مىڭ 929 يۈەن ئىئانە قىلدى. (ئابدۇن نىزامىدىن)

ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى نامرات ئائىلەردىن ھال سوراش غۇلجا ناھىيە چولۇقاي يېزىسىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ قەرەللىك ئىشىغا ئايلاندى. بۇ يىلمۇ ھەر قايسى مەسچىتتىكى دىنىي زاتلار ئۆز مەسچىتىنىڭ جامائەت فوندىدىن 4000 يۈەن ئاجرىتىپ، 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ھال سوراش پائالىيىتى ئېلىپ باردى، يېزا بويىچە 35 نامرات ئائىلىگە 2812 يۈەن بەرگەندىن باشقا 29 ئائىلىدىن 99 جاننى يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشتۇرۇپ ئۇلارنى خاتىرجەم داۋالىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. (ئابلىز ئىمىرخان)

ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق بازىرىدىكى بىر نامرات ئايال موتوسىكلىتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئېغىر يارىلىنىپ، داۋالىنىشقا ئىمكانسىز قالغاندا ئاۋات ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، بازار چوڭ خانىقاسىنىڭ ئىمام ـ خاتىپى مۇسا ئەمەت قارىم، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىدىن ئەمەرجان سىدىق، مەخمۇتجان قاتارلىقلار ئۆز ئارا يىغىش قىلىش ۋە جامائەتنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق 2100 يۈەن ئىئانە توپلاپ ياردەم قىلدى. (ھەسەنجان)

بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى پوسكام ناھىيە كۆيباغ يېزىسىدىكى 15 دىنىي زات ئۆز يېنىدىن 1040 يۈەن چىقىرىپ، يېزا تەۋەسىدىكى 33 نامرات ئائىلىدىن ھال سورىدى.
(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

كېرىيە ناھىيىسى سىيەك يېزا قاتياق كەنت 3 ـ مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئوبۇلھەسەن مەخسۇم دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدا غەلۋىر ياساپ سېتىپ يىلىغا 4000يۈەن كىرىم قىلىدى. 2004 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇ جامائەتنى تەشكىللەپ 1500 يۈەن ئىئانە توپلاپ، قاتياق كەنتىدىكى ئىگە ـ چاقىسىز، نامرات بىر كىشىگە خىشتىن 2 ئېغىز ئۆي سېلىپ بەردى.
(مەتقاسىم جامال)

باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئەزاسى، باي بازار چوڭ خانىقاسىنىڭ ئىمام ـ خاتىپى، يەككە سودا ـ سانائەتچى ئەبەيدۇللا قارى ھازىرغىچە نامرات، مېيىپ ئائىلىلەرگە ۋە ماتارىپقا 15مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ياردەم قىلدى. يەنە مەزكۇر ناھىيە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئەزاسى، ياتۇر يېزا 4 ـ كەنت 1 ـ مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمام ـ خاتىپى ياسىن ئاۋۇت ھاجىم ئىلمىي تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك قىلىپ، بەش يىل ئىچىدە باشقىلارغا 7000 يۈەندىن ئارتۇق تۈرلۈك ياردەملەرنى قىلدى ۋە 400 ئادەم(قېتىم) باشقىلارغا تېخنىكا تەجرىبىلىرىدىن مەسلىھەت بەردى.
(ھەسەن ئابدۇۋەلى)

يەكەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى مۇدەررىسى، يەكەن بازار ئالتۇن مەسچىتىنىڭ ئىمام ـ خاتىپى مۇختەر ئابدۇۋەلى قارىم جامائەتنى ماتارىپقا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىپ كەلدى. نەتىجىدە بىر ساخاۋەتچى 10 مىڭ 500 يۈەنلىك 150 يۈرۈش پارتا ـ ئورۇندۇق سېتىۋېلىپ ماتارىپقا ئىئانە قىلدى. شۇ يىلى قىشتا مۇختەر قارىم يەنە ئۆز يېنىدىن 920 يۈەن چىقىرىپ، ناھىيىلىك كونىشەھەر مەركىزىي مەكتەپكە 2 توننا كۆمۈر ئېلىپ بەردى. 2004 ـ يىلى قىشتا ئۇ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغان نامرات بىمارلارغا جامائەتنىڭ ئىئانە قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، بىر قېتىمدىلا 13مىڭ 70 يۈەن ئىئانە يىغىپ 6 كىشىنىڭ داۋالىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. يەكەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، گۈلباغ يېزا ھەزرىتىپىر مەسچىتىنىڭ ئىمام ـ خاتىپى ئابلەت قادىر ھاجىم 2004 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا باشلامچىلىق بىلەن 1200 يۈەن چىقىرىپ، شۇ يەردىكى ئىگە ـ چاقىسىزلارغا، نامرات ئائىلىلەرگە ياردەم

قىلدى ۋە ئالدىن بېيىغان ساخاۋەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلدى، نەتىجىدە ئۇلارمۇ 10مىڭ 850يۈەن ياردەم قىلدى. 2005-يىلى 1-ئايدا ئۇ ھادىسىگە ئۇچرىغان بىر بالىنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن ئۆزى باش بولۇپ 3500 يۈەن ئىئانە يىغىپ ئۇ بالىنى داۋالاتقاندىن سىرت، يەنە بىر نامرات بىمارنىڭ داۋالىنىشىغا 1000 يۈەن ياردەم قىلدى. (قۇربان توختى)

بىر قانچە يىلدىن بۇيان مائارىپ ۋە نامرات ئائىلىلەرگە ئىزچىل ياردەم قىلىۋاتقان يېڭىسار ناھىيە ماگشىن يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار يېقىندا يەنە مائارىپقا 9300يۈەن، نامرات ئائىلىلەرگە 11مىڭ 200 كىلوگرام ئاشلىق ياردەم قىلدى. ماگشىن يېزا چاقىرقوي كەنت 9-كەنت چوڭ جامەسىنىڭ ئىمام-خاتىپى ئابابەكرى خەلپىتىم بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا ئۆز يېنىدىن 1150يۈەن چىقىرىپ، 9-كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ھاجەتخانىسىنى رېمونت قىلدۇرۇپ بەردى.

(ئابدۇراخمان ئابدۇكېرىم)

قاغىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، لوق يېزا بورا 11-كەنت 4-مەھەللىدىكى ئىمىن ھوشۇر ھاجى تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىغاندىن كېيىن ساخاۋەت، ھالاللىق، مەرىپەتپەرۋەرلىكنى ھەممىدىن ئەلا بىلدى. ئۇ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى نامرات 130 ئوقۇغۇچىنى تاللاپ، 2001-يىلدىن بۇيان ئۇلارغا 8000يۈەنلىك دەپتەر، كىيىم-كېچەك ياردەم قىلدى، 10 نامرات ئائىلىگە يىلىغا 10دىن 14 كىچە جەمئىي 56 تۇياق قوي ياردەم قىلدى. 2000 يۈەنلىك رەخت ئېلىپ، كەنتتىكى نامراتلارغا تارقىتىپ بەردى. (سىدىق تۇردى، روشەنگۈل يۈسۈپ)

قاغىلىق ناھىيە يېتىمقۇلۇم يېزا 15-كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابلىمىت مەمەت پارنىكتا كۆكتات ۋە مېۋە-چېۋە ئۆستۈرۈپ يىللىق كىرىمىنى 30مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. ئۇ مەسچىتتە پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن شەرھلەپ، جامائەتنى قايىل قىلدى ۋە ئۇلارنى شۇ ئىشقا يېتەكلىدى. (ياقۇپ ھاجى)

ئاۋات ناھىيە ئايۋاغ يېزا تۆۋەنكى كەلپىن كەنتىدىكى دىنىي زات ياسىن توختى ئۆز كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە 3000 يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل ۋە كۆمۈر ياردەم قىلدى. ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق بازىرى ئىماپاشا 2-كەنتىدىكى خەلق ئىچىدە "ساخاۋەتلىك ھاجىم" دەپ تەرىپلىنىدىغان ھامۇت سامۇش ھاجىم يېقىندا ناھىيە ساناتورىيىسىدىكى قېرى، ئاجىز، مېيىپ، يېتىم-يېسىرلارغا 55 مېتىر ئەنرەخ، 25 كىلوگرام ناۋات، بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 20 مېتىر رەخت ياردەم قىلدى. (ئەلقەم ھۇسەن)

ئاۋات ناھىيە تامتوغراق يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار ۋە مەسچىتلەر 43 نامرات ئائىلىگە 2894 يۈەن پۇل ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئىئانە قىلدى. (ھەسەن داۋۇت)

2005-يىل 1-ئاينىڭ 15-كۈنى خېجىڭ (خوتونسۇمول)ناھىيە بارۇن غارمۇدۇن بازىرى كىرەن كەنتى 1-مەھەللە مەسچىتىنىڭ 78 ياشلىق مەزىنى مەخسۇت ھوشۇر ئەزان توۋلاش ئۈچۈن مەسچىتكە چىقىۋېتىپ يېقىن يەردىكى ئۆي زاۋۇتىدا ئوت كۆيۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدۇ ھەمدە دەرھال مەھەللىدىكىلەرنى ئوت ئۆچۈرۈشكە ياردەملىشىشكە چاقىرىدۇ. نەتىجىدە ئوت ئۆچۈرۈۋېلىنىپ، ئىسكىلاتتىكى 10 تونىنا ئوتۇن، 800 تونىنا بۇغداي، 4 تونىنا مايلىق دان ھەم ئەتراپتىكى 1000كۇۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى ئۆينىڭ كۆيۈپ كېتىش خەۋپى توسۇپ قېلىنىدۇ.

(مۇھەممەد ئىلياس)

قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ يېزا 2-كەنت ئىمامى ئىمام قارى ھاجى يىللاردىن بېرى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلىغا ئارتۇق مۇشتەرى بولۇپ باشقىلارغا بېرىپ كەلگەندى، بۇ يىلمۇ ئۇ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ 20 نۇسخا مۇشتەرى بولۇپ جامائەتكە تارقىتىپ بەردى. (نىجات غوپۇر)

مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا قىزىلنۇر 18-كەنت 1-، 2-مەھەللە مەسچىتىنىڭ پېشقەدەم ئىمامى قاسىم قاۋۇل ھاجىم يېقىنقى 5 يىلدىن بۇيان ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، باغۋەنچىلىك قىلىپ، ئۈچۈرغا ئەھمىيەت بەرگەچكە يىللىق كىرىمىنى 30 مىڭ يۈەندىن كېمەيتمەي يېزا تەۋەسىدىكى دىنىي زاتلارغا ئۈلگە بولدى. ئۆزى ئىمام بولۇۋاتقان مەسچىت 2003-يىلدىكى يەر تەۋرەشتە ئۆرۈلۈپ چۈشكەندىن كېيىن ئۇ ئۆز يېنىدىن 4000يۈەن چىقىرىپ جامائەتنى ئىئانىگە سەپەرۋەر قىلىپ، قۇرۇلۇشقا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ، 2004-يىلنىڭ ئاخىرىدا 113m²لىق جۈمە مەسچىت قۇرۇلۇشىنى سۈپەتلىك پۈتتۈردى. قاسىم ھاجىم ئۆزى باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشكەن بولسىمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ تويىنى ئاددى ئۆتكۈزۈپ خەلققە ئۈلگە بولدى ۋە يەرلىكتە ئومۇملىشىپ قېلىۋاتقان ھەشەمەتلىك توي قىلىش، ئىسراپچىلىق قىلىش ئادەتلىرىنى توسۇشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلدى.

(ئابدۇرەھمان ئىسمائىل)

مەكىت ناھىيە يانتاق يېزا غوجىئاۋات كەنتىدىكى دىنىي زاتلار بىرلىكتە پۇل يىغىش قىلىپ 11 نامرات ئائىلىنى يوقلىدى؛ ئۇلار يەنە 3-ئاينىڭ 12-كۈندىكى كۆچەت تىكىش كۈنىدە 38 مەسچىتنىڭ ئەتراپىغا 2145 تۈپ كۆچەت تىكتى.

(ئابدۇرىشىت ۋاسىل)

مارالبېشى بازىرى ھېيتگاھ جامە مەسچىتىنىڭ مۇئاۋىن خاتىپى ئابدۇكېرىم مامۇت 1050يۈەن ئىئانە توپلاپ، ھادىسىگە ئۇچراپ جىددىي داۋالىنىشقا ئامالسىز قالغان بىرەيلەنگە ياردەم قىلدى. (ئەنۋەر تۇردى)

ئاقتۇ ناھىيە پىلال يېزا كوسىلا كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى مەمتىلى قارىم جامائەتنى سەپەرۋەر قىلىپ 650يۈەن ئىئانە يىغىپ، ئوتتا كۆيۈپ يارىلانغان بىر ئوقۇغۇچىغا ۋە نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلدى.

(كۇرەش ئابنۇس)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

باي ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ناھىيە بويىچە ئالدىن بېيىغان دوختۇر رەيھان ئەمەت ئۆز يېنىدىن 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، 11 مىڭ يۈەنگە تاش ئۆستەڭگە كۆۋرۈك سالدۇردى، مەكتەپكە 2500يۈەن ياردەم قىلدى، نامرات ئائىلىلەرگە 15مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ياردەم قىلدى ۋە نامرات ئائىلىلەرنى 3000يۈەندىن ئارتۇق قىممەتتە ھەقسىز داۋالىدى. باي ناھىيە سىياسىي كېڭەش

ئەزاسى ھەمراخان قۇدرەت 2003 - يىلدىن بېرى 8 نامرات ئائىلىگە، 1200 يۈەن قىممىتىدە كىيىم تىكىش ماشىنىسى، كىيىم - كېچەك، ئاشلىق، نەق پۇل ئىئانە قىلدى.

(ھەسەن ئابدۇۋەلى)

يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيە، 51 - تۈەن 5 - لىيەندىن 11 دېھقان ئائىلە، بۇ يىللىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا قىيىنچىلىققا ئۇچراپ قالغاندا شۇ لىيەندىكى ئالدىن بېيىغان ئەخەت ھەمەر 12 مىڭ يۈەن ياردەم بەردى.

(مۆمىنجان قادىر، غېنى روزى)

بىڭتۇەن 3 - دېۋىزىيە 51 - تۈەن 13 - لىيەننىڭ باشلىقى سىمى باقى تىجارەت قىلىپ بېيىغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۈەن پەرزەنتلەر مەكتىپىدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 11 مىڭ يۈەن نەق پۇل ياردەم بەردى. 13 - لىيەندىكى دېھقانلارنىڭ ھەمكارلىق داۋالىنىشىغا 11 مىڭ يۈەن ھازىرلاپ بېرىپ ئۇلارنىڭ بۇ يىللىق داۋالىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى؛ بۇلتۇر 13 - لىيەن دېھقانچىلىقى كۆك پىت ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن، بۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش راسخوتىدا قىينالغان 50 ئائىلىلىك دېھقانغا 50 مىڭ يۈەن بېرىپ تۇردى؛ ئۇندىن باشقا 4 كىلومېتىردىن ئارتۇق يولغا شېغىل ياتقۇزۇپ بەردى .

(ھەسەنجان قۇربان)

بىڭتۇەن 3 - دېۋىزىيە 51 - تۈەندىكى يەككە تىجارەتچى نۇرمەھەممەت ئىمىن مەيداننىڭ مەركىزىي جامە قۇرۇلۇشىغا 2000 يۈەن ئىئانە قىلدى.

(تۇرسۇنجان زۇنۇن)

بىڭتۇەن 3 - دېۋىزىيە پەيزاۋات باش مەيداندىكى مۇسۇلمان يەككە تىجارەتچىلەر، ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەر ۋە بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىلەر 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى نەۋرۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن يېتىم - يېسىرلار، مېيىپلار ۋە نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 14مىڭ 650 يۈەن ئىئانە قىلدى .

(تۇرسۇنجان زۇنۇن)

بىڭتۇەن 3 - دېۋىزىيە 53 - تۈەن7 - لىيەننىڭ كادىرلىرى مەزكۇر لىيەن ئىمامىنىڭ كۆزىنىڭ داۋالىنىشىغا 2500يۈەن ئىئانە قىلدى .

(ھەسەنجان قارى)

گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ناھىيىدىكى بىر قىسىم جامائەت ھىندى ئوكيانىدىكى دېڭىز تاشقىنى ئاپىتىگە ئۇچرىغان خەلققە 2073يۈەن ئىئانە قىلدى .

(ئالىم ئىمىن)

ئاقتۇ ناھىيە ئويتاغ بازاردىن ساۋۇت باينەزەر ئۆز يېنىدىن 2200يۈەن، پىلال يېزىسىدىن زىبىرنىسا ئابلەت 2500 يۈەن چىقىرىپ مائارىپقا ئىئانە قىلدى.

(كۆرەش ئابنۇس)

قاغىلىق ناھىيە چوپان يېزا رەھبەرلىرىنىڭ باشچىلىقىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئوقۇتقۇچىلار 10مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ، يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ 3 - يىللىقتا ئوقۇۋاتقان بىر يېتىم قىزنىڭ سۆڭەك تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ داۋالىنىشىغا ياردەم قىلدى.

(مۇساجان ياسىن، تۇرسۇنگۈل توختى)

گۇچۇڭ ناھىيىسى كارىز يېزىسى مۇھاجىرلار مەكتىپىدىكى 15ئوقۇغۇچىغا ناھىيىدىكى يەككە تىجارەتچى ئابدۇللا قۇربان ھاجى 500 يۈەن، ھېمدەم ئېلى 300 يۈەن ئىئانە قىلدى .

(ئالىم ئىمىن)

## خەۋەرلەر

قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 2005 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى دىنىي زاتلار يىغىنى چاقىردى، يىغىنغا شەھەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى، ھەر قايسى كوچا باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىرى، قەشقەر شەھرىدىكى دىنىي زاتلار بولۇپ 400دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. 66 بەشتە ياخشى دىنىي زات، 66 بەشتە ياخشى مەسچىت ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاندى. يىغىن ئاخىرىدا شەھەر مەسئۇلى دىنىي زاتلاردىن كۆتىدىغان تەلەپ - ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

1 - ئاينىڭ21 - 22 - كۈنلىرى خوتەن ۋىلايىتى رەھبەرلىرى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن دىنىي زاتلاردىن ھال سورىدى. 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى گۇما ناھىيە ھاكىمى ناھىيىدىكى 40تىن كۆپرەك دىنىي زاتتىن ھال سورىدى. چىرا ناھىيىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى 1 - ئاينىڭ 17 - ، 18 - كۈنلىرى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ياشىنىپ قالغان، تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار ھەيئەت ئەزاسى ۋە دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىدىن 34 دىنىي زاتتىن 3200يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇم بىلەن ھال سورىدى.

(مەمەتئېلى غېنى، ھەبىبۇللا مەتسەيدى)

چىرا ناھىيىسىدە ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى ۋە دىنىي زاتلار 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى تۈزۈپ تارقاتقان «ھەج قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ پەرز بولۇش شەرتلىرى» ناملىق پايدىلىنىش ماتېرىيالىنى ئۆگەندى، ئۆگىنىشكە 91 دىنىي زات قاتناشتى.

(مەمەتئېلى غېنى، ھەبىبۇللا مەتسەيدى)

قەشقەر شەھرىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شەھەرگە تەۋە 6 يېزا جۈمە مەسچىتلىرىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان 246 ئىمام - خاتىپنى شەھەردە ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىپ ئالدىن بېيىغان بىر قىسىم ئۈلگە دېھقانلارنىڭ پارنىكلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللىدى.

(نىجات غوپۇر )

مارالبېشى ناھىيە مارالبېشى بازار، ئاقساقمارال يېزا، ئاۋات بازىرى قاتارلىق يېزا(بازار)لىرى بۇ يىل قۇربان ھېيت ۋە باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن تەۋەيدىكى دىنى زاتلاردىن 2000يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇم ۋە پۇل بىلەن ھال سورىدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

يېقىندا مارالبېشى ناھىيىسى ناھىيىدىكى 170 جۈمە مەسچىتىنىڭ ئوتتىن، سۇدىن، ئوغرىلىقتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشلىرىنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ، مەسىلە بارلىرىنى نەق مەيداندا تۈزەتكۈزدى ۋە مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزگەرتىشنى ئورۇنلاشتۇردى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

مارالبېشى ناھىيە بازىرى ھېيتگاھ جامەسى بۇ يىل 3 - ئايدا مەسچىت ھويلىسىغا 130 تۈپتىن ئارتۇق ھەر خىل مەنزىرە كۆچىتى تىكىپ، مەسچىت مۇھىتىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈردى .

(ئەنۋەر تۇردى)

لوپ ناھىيىسى بويىچە 167 مەسچىتكە تەۋە 59.2 مو يەرگە 20مىڭ 692 تۈپ كۆچەت، 25.38 مو يەرگە 12مىڭ 348 تۈپ

مېۋىلىك كۆچەت، 4.12 مو يەرگە گۈل - گىياھ تېرىلىپ مۇھىت گۈزەللەشتۈرۈلدى.

(تۇرسۇنتوختى مەمتىمىن)

مەكىت ناھىيىسى بۇلتۇردىن باشلاپ ناھىيە بويىچە بۇۋى ۋە ئايال مېيىت يۇغۇچىلارنى تىزىملاش، تەربىيىلەش، ئىمتىھان ئېلىش، لاياقەتنى بەلگىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى، ھازىر بۇ ناھىيىدە تىزىمغا ئېلىنغان بۇۋى 191 نەپەر، غەسسالە 307 نەپەر.

(ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

يېزا ئېگىلىك 3 - دېۋىزىيە باش مەيدان 7 - لىيەننىڭ ئىشچىسى تۇدىخان ئايۇپ ناھايىتى قەيسەر، ۋاپادار ئايال، تۆھپىكار ئانا. 1984 - يىلى ئۇنىڭ يولدىشى ئەما بولۇپ قالدى، 1988 - يىلى بىر ئوغلى ئېسىنى يوقۇتۇش كېسىلى بولۇپ، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالدى، كۆپ داۋالاتقان بولسىمۇ ياخشىلىنالمىدى. تۇدىخان بىر تەرەپتىن يولدىشىغا، ئوغلىغا قارىسا، بىر ياقتىن 30 مو ھۆددىگەرلىك يېرىنى تېرىدى، ھويلا - ئارام ئېگىلىكىنى راۋاجلاندۇردى. ئۇ مۇشۇنداق توپتوغرا 20 يىل مۇشەققەت تارتتى، قىيىنچىلىقنى بىر ئۆزى يەڭدى، ئىككى بالىسىنى ئالىي مەكتەپتە، ئىككى بالىسىنى ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇتۇپ جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقتى.

(ئاسىمگۈل يۈسۈپ)

مارالبېشى ناھىيە ئاناركۆل يېزىسىدا 40 دىنىي زات ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەندى.

(ياقۇپ ھاجى)

دۆلىتىمىزنىڭ "26 - ئىيۇن" زەھەر چەكلەش كۈنى كېلىش ئالدىدا مارالبېشى ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار جامائەتكە زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ زىيىنى توغرىسىدا تەبلىغ قىلدى. (ياقۇپ ھاجى)

خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق لاسكوي بازىرى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ۋەز - تەبلىغ مۇسابىقىسى ئېلىپ باردى، مۇسابىقىگە 10 كەنتتىن 10 ماھىر قاتناشتى؛ 30 - ۋە 31 - كۈنلىرى بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشى بىلەن دىنىي زاتلار ئارىسىدا ئارقان تارتىش ۋە ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلدى.

(ئېلئەكبەر جېلىل)

## جايلاردا «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى

بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرىگە تەۋە 6 يېزا 4 كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ئۆز تەۋەسىدىكى دىنىي زاتلار ۋە مەسئۇل كادىرلارغا «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. يىغىن ئاخىرىدا «نىزام»ئەستايىدىل ئۆگىنىلىپ مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇرۇلدى. (نىجات غوپۇر)

4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى «نىزام»نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمەت يىغىنى چاقىردى، يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، بىرلىكسەپ كادىرلىرى ۋە شەھەرگە قاراشلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 350 كىشى قاتناشتى. (ياقۇپ ھاجى)

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى يېزا - بازارلاردىكى شۆبە جەمئىيەت مەسئۇللىرى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىدىن بولۇپ 150 كىشى«نىزام»نى ئۆگەندى. (ياقۇپ ھاجى)

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىسى ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرۈپ ھازىر دىنىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان 48 دىنىي زات بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىندا «نىزام» نۇقتىلىق ئۆگىنىلدى.

(ياقۇپ ھاجى)

باي ناھىيىسى «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا 409 كىشى قاتناشتى. (توخان تۇردى)

مارالبېشى ناھىيىسىدە 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە مۇناسىۋەتلىك كادىرلار، جايلاردىكى دىنىي خادىم ۋە دىنىي زاتلاردىن بولۇپ 3000 دىن كۆپ كىشى «نىزام»نى ئۆگەندى. (ئەنۋەر تۇردى)

يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى 800گە يېقىن دىنىي زات ۋە تالىپ 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى«نىزام»نى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتى.

(ياقۇپ ھاجى)

گۇما ناھىيىسىدە 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ۋەزىپىدىكى دىنىي زاتلار «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

(ئابدۇلئەھەت [illegible])

مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى [illegible] - ئاينىڭ 7 - كۈنى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ «نىزام»نى ئۆگەندى ۋە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ مۇزاكىرە قىلدى.

(ياقۇپ ھاجى)

ئاقسۇ شەھىرى قاراتال بازىرى تەۋەسىدىكى دىنىي زاتلار «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئۆگەندى، ئىككى قېتىملىق ئۆگىنىشكە 222 دىنىي زات قاتناشتى. (ئوسمانجان ئىسمائىل)

3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مارالبېشى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى دىنىي ئىز باسارلارنى تەربىيىلەش كۇرسىدىكى كۇرسانتلارغا «نىزام»نى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا 45 كۇرسانت قاتناشتى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى 2004 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «دىن ئىشلىرى نىزامى» ۋە « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك باشقۇرۇش نىزامى»نى ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە مۇھاكىمە قىلدى. شۇنداقلا بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 27 - ، 28 - كۈنلىرى «نىزام»نى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا 150 ئادەم قاتناشتى. (ئالىم ئىمىن)

2005يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۈچتۇرپان ناھىيە ئاقيار يېزىسىدىكى 85 دىنىي زات «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتى. (ئۆمەر ئەيسا)

پوسكام ناھىيە ئىككى سۇ يېزىسى ۋەزىپىدىكى دىنىي زاتلارنى «نىزام»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى.

(ئەبەيدۇللا تۇنىياز)

**بۇ سانىنىڭ ماقالىلىرى ئۇيغۇر سوفت «ئەل كاتىپ» تا تىزىلدى.**

**كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا :**

**ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەت،**

**شەمشىنۇر ھوشۇر.**

www.uyghurkitap.com





① رەئىس ھىلالىددىن چىن گۇاڭيۈەن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۆمىكى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە ئىراندا زىيارەتتە بولدى.
② جۇڭگو ـ ئىران دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بۇلزادە باشچىلىقىدىكى ئىران دۆلەت پارلامېنتى ئۆمىكى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.
③ مۇئاۋىن مۇدىر دوكتور مۇھەممەد ئۇغلە باشچىلىقىدىكى مەككە مۇكەررەمە ئۇممۇل قۇرا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋەكىللىرى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.
④ سەئىد مەھمۇد مىرئەشى نەجەفى باشچىلىقىدىكى ئىران قۇم بۈيۈك ئايەتۇللا مىرئەشى نەجەفى كۇتۇپخانىسى ۋەكىللىرى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.
⑤ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈف ليۇباۋچى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە مىسىردا ئۆتكۈزۈلگەن 17 ـ نۆۋەتلىك ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشى مەجلىسىگە قاتناشتى.















شىنجاڭ ئىسلام دىنى زاتلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى2005 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.






ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى غۇلجا شەھرىدە 2005 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تۇنجى نۆۋەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com











ژۇرنىلىمىزغا 2005-يىللىق مۇشتەرى توپلاشتىكى شەرەپلىك

ۋىلايەت ۋە ناھىيە(شەھەر)لەر

قەشقەر ۋىلايىتى  ئاقسۇ ۋىلايىتى  خوتەن ۋىلايىتى  تۇرپان ۋىلايىتى

يەكەن ناھىيىسى، باي ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى، ئاقسۇ شەھىرى، ئونسۇ ناھىيىسى، مەكىت ناھىيىسى، كوناشەھەر ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرى، مارالبېشى ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى، تۇرپان شەھىرى، خوتەن ناھىيىسى، قاغىلىق ناھىيىسى، ئاۋات ناھىيىسى، كورلا شەھىرى، پوسكام ناھىيىسى، شايار ناھىيىسى، توقسۇ ناھىيىسى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى، ئاقتۇ ناھىيىسى، كېرىيە ناھىيىسى، پىچان ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرى، خوتەن شەھىرى، غۇلجا شەھىرى، چىرا ناھىيىسى، گۇما ناھىيىسى، توقسۇن ناھىيىسى، يېڭىسار ناھىيىسى، غۇلجا ناھىيىسى، كۇچا ناھىيىسى. كىتابخانىلاردىن: ئۈرۈمچى "ئىزچىلار" كىتابخانىسى


ISSN 1007-5836
71007 583001 06>

《中国穆斯林》 (维吾尔文版)
国际标准刊号: ISSN1007—5836
国内统一刊号: CN11—1346/B
国内邮发代号: （新） 58—167
国外发行代号: Q1720
开 发 行
定 价 : 4.50元

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (ئۇيغۇرچە)
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:
ئاشكارا تارقىتىلىدۇ  باھاسى: 4.50 يۈەن